老师来了

«خەير - خوش چۈشكۈنلۈك» نىڭ ئاپتورى

____ ئەلى قۇربان



# مۇئەللىم كەلدى...

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
شىنجاڭ ئۈن-سىن نەشرىياتى

هەربىر ئادەمنىڭ قەلبىدە بىر مۇئەللىم بولىدۇ. بىراق، ئۆتمۈشتىن قالغان ئەسلىمە ۋە كەلگۈسىدىن كەلگەن تەشۋىشلەردىن شەكىللەنگەن شاۋقۇن-سۈرەنلەر مۇئەللىم ئاۋازىنى بېسىپ قويىدۇ.

<<مۇئەللىم كەلدى. . . >> نامىلىق ئەسەر ئارقىلىق، بىز گورىزونتال ۋاقىت سىزىقى ئۈستىدىكى پارچىلىنىپ كەتكەن قەلبىمىزنى بىر يەرگە جەم قىلىشنى ئۆگەندۇق. چوڭ بولۇشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى چۈشەندۇق ئوخشىمىغان كىيىم ۋە ئوخشىمىغان بەدەننىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان ئوخشاش بولغان مۇھەببەتنىڭ گۈزەللىكىنى ۋە كۈچىنى ھېس قىلىشقا باشلىدۇق. ھايات سەپىرىمىزدە ، قەيەرگە بېرىشقا قارىغاندا بارغاندىن كېيىن كىمگە ۋەياكى نېمىگە ئايلىنىپ قېلىشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى تونۇپ يەتتۇق . ئەڭ مۇھىمى :

« بىر-بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، بولمىسا نەسلىڭلار قۇرۇپ كېتىدۇ» دېگەن سۆزنىڭ مەنىسىنى چۈشىنىشكە باشلىدۇق...

---

ئەگەر ئوغلۇمنى كىچىكلەتكىلى بولسا ئۇنى مەڭگۈ يانچۇقۇمدا ئېلىپ يۈرسەم دەيمەن. مەشھۇر شەخس بولۇشىنى ئەمەس، خۇشال ئادەم بولۇشىنى ئۈمىد قىلىمەن. ھەتتا ئۆلۈمىمدىمۇ ياش تۆكۈشىنى خالىمايمەن ...

____ئاپتورنىڭ ئانىسى



باھاسى: 68 يۈەن
ISBN 978-7-88623-364-7

# مۇئەللىم كەلدى...

ئەلى قۇربان

شىنجاڭ خەلق باش نەشرىياتى
新疆人民出版社

شىنجاڭ ئۈن - سىن نەشرىياتى
新疆音像出版社
XINJIANG AUDIO-VIDEO PUBLISHING HOUSE

ئەلى قۇربان
ئاۋازدا:     مەۋلۇد ئىبراھىم
مايىنۇر روزى

پىلانلىغۇچى:     ئەلى قۇربان
نەشرگە تەييارلىغۇچى:

پىلاستىنكا چىقارغۇچى:  مۇرات ئوبۇلقاسىم
فىلىم مەسئۇلى:     پەرھات ھەببۇللا

مەسئۇل مۇھەررىرى:     گۈلبەھرەم مۇختار
تۇقىز سىيىت

بەت لايىھەلىگۈچى:     مەمەتجان ئابلا
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى:   غەيرەت ئۆمەر
كىرىشتۇرگۈچى:     مۇھەممەت ئابدۇل

ئالەمدە ھېچقانداق سىر يوق ،
سىرنىڭ ھەممىسى ئادەمدە .

## كىتاب قانداق يېزىلدى؟

مېنىڭ ئىسمىم ئەلى قۇربان. بۇ يىل 33 ياشقا كىردىم. مەن ياخشى كۆرىدىغان بىر يازغۇچى مېنى پېنسىلىنىغا ئوخشىتىپتۇ. ئۆزى ئاددىي، ئۇنۇمى تېز، ھەتتا دېھقانلارمۇ بىلىدىغان. بۇنى ئاڭلاپ تولىمۇ خۇرسەن بولدۇم. ئەمەلىيەتتىمۇ، مەن راستىنلا ئاددىي ياشاشنى ياخشى كۆرىمەن.

بوش ۋاقىتلىرىمدا ساياھەت قىلىشنى ياخشى كۆرىمەن، ساياھەتتە مېنى ھاياجانلاندۇرىدىغىنى بارىدىغان جاي بولماستىن، بەلكى بېرىش جەريانىدۇر. كۆپىنچە يەرلەرگە ئايرۇپىلاندا بارغانلىقىم ئۈچۈن ئاسماندا تۇرغان ئاشۇ ۋاقىتلىرىمنى ياخشى كۆرىمەن. يەردە تۇرغان ۋاقىتلىرىمىزدا ئاسمانغا قاراپ ئويلىنىمىز، بىزدىن ۋاقىتلىق ئايرىلغان ياكى تېخى ئايرىلمىغان كىشىلەرنى سېغىنغاندا ئاسمانغا نەزەر تاشلايمىز. ھالبۇكى، ئاسماندا تۇرغان ۋاقىتتا ئىشلار ئۇنداق بولمايدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بىز يەر تەرەپكە قاراپ ئويلايمىز ۋە سېغىنىمىز، بۇ خىل ئويلاش ۋە سېغىنىش بىزنى ئۆزىمىزگە تېخىمۇ يېقىنلاشتۇرىدۇ، ئەنە شۇنداق پەيتلەردە بىز ئىزدەۋاتقان نەرسىلەرنىڭ يىراق ئاسماندا بولماستىن، يېنىمىزدا ۋە قەلبىمىزدە ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. ئىنسانىنىڭ يەرشارىدىكى بىردىنبىر ئۆيىنىڭ ئۇنىڭ قەلبىدە ئىكەنلىكىنى

تونۇپ يەتكىنىمىزدە دەرھال ئۇنىڭغا قايتىپ كېلىمىز ـ دە، ھازىردا ياشاشقا باشلايمىز.

ھاياتىم سانلار دۇنياسىدىكى كۆپ، ئاز ۋە بىر دېگەن ئۇقۇملار ئىچىدە ئۆتىدۇ. «كۆپلۈك» ھاياتىم بولسا ھەرخىل ئاممىۋى پائالىيەتلەرگە قاتناشقان ۋاقىتلار بولۇپ، «ئەلى مۇئەللىم» نامى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ ماڭا بولغان ھۆرمىتى، ھەۋىسى، ھەستى، شۇنداقلا گۇمانى ئارىسىدا داۋام ئېتىدۇ. ئۇلارنىڭ ماڭا ياغدۇرغان چاۋاكلىرى قۇلىقىمغا مۇزاتنىڭ قارىماققا قالايمىقان بىراق ئاھاڭلاۋەرسە بىرخىل رېتىمنى ھېس قىلغىلى بولىدىغان سىمفونىيەسىگە ئوخشايدۇ. مەدھىيەلەشلەرنى ياقتۇرىمەن. بىراق، چاۋاكلارغا خۇمار بولۇپ ياشاش ئادەمنى زەھەرگە خۇمار بولۇپ ياشىغاندىنمۇ ئېچىنارلىق ھالەتكە مۇپتىلا قىلىدۇ. بۇ ھەقىقەتنى بىر سىكۇنتمۇ ئېسىمدىن چىقىرىپ باقمىدىم.

«ئازلىق» ھاياتىم بولسا دوستلۇرۇم بىلەن ئۆتكەن ھايات، ئۇلارنىڭ ئىچىدە قىزلارمۇ، ئوغۇللارمۇ بار. ئۇلارنىڭ ئىچىدە يەنە ھەقىقىي دوستلار، دوست بولۇشقا تىرىشۋاتقانلارمۇ بار. بەزى دوستلىرىمنىڭ تەپەككۇرى مېنى ھەيران قالدۇرىدۇ. ئۇلار بىلەن پاراڭلىشىش مەندە ئازادە تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ.

مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان ۋاقىت بولسا «بىرلىك» ۋاقتىم، يەنى يالغۇز قالغان ۋاقىتلىرىم، بۇنداق چاغلاردا كۆزۈمنى يۇمۇپ ئويغا چۆكىمەن، چۈنكى ئۆزىمىزنى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزىمىزنى يۇمۇشقا توغرا كېلىدۇ. كۆزۈم كۆرۈشكە

ئادەتلىنىپ قالغان بىر دۇنيانى كۆرۈشتىن توختىغاندا، كۆرۈشكە مۇھتاج بولغان يەنە بىر دۇنيانى كۆرۈشكە باشلايدۇ. شۇ ئېسىمىزدە بولۇشى كېرەككى، بىز ئالەمدە ياشايمىز شۇنداقلا ئالەم بىزدە ياشايدۇ. (ئەجبا، نەپەسلىرىڭلار سىلەرنى ھەيران قالدۇرمىدىمۇ؟)

دەل مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا «مەن كىم؟» دېگەن سوئالنى سورايمەن. ھەرقانداق بىر پەيلاسوپ ياكى ئەۋلىيا مۇشۇ سوئال ئارقىلىق ھاياتنى باشلايدۇ ۋە مۇشۇ سوئالنىڭ جاۋابى ئارقىلىق ھاياتنى تاماملايدۇ. ھاياتىمنىڭ ئوخشىمىغان باسقۇچلىرىدا ئۆزۈمنىڭ كىملىكى توغرىسىدا ھەرخىل ئەقلىي ۋە ئىجتىمائىي خۇلاسىلەرگە كەلدىم. بىراق، ھەر قېتىم بىر كىملىكنى تاپقان ۋاقتىمدا ئۇنىڭدىن ھالقىشقا تىرىشىمەن، داۋاملىق تىرىشىۋاتىمەن. ئۆزۈم ۋە باشقىلار تەرىپىدىن بېرىلگەن ناملارنى رەت قىلىپ كېلىۋاتىمەن. ھەتتا چوڭ ئانامنىڭ، سەن مېنىڭ ئەڭ ئەقىللىق نەۋرەم، دېگەن ماختاشلىرىغىمۇ قۇلاق سالماسلىقنى ئۆگەندىم.

ئىنسانغا بېرىلگەن كىملىك ئۇنى چۈشەپ قويىدۇ. ھەرىكەتتىكى نەرسىگە قانداقمۇ ئىسىم قويغىلى بولسۇن؟ ئادەمنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى ئۆزىگە بولغان تونۇشنى باشقىلارنىڭ ئۇنىڭغا بولغان تونۇشى ئارقىلىق يەكۈنلىۋېلىشتۇر، باشقىلارنىڭ كۆزى ئارقىلىق كۆرۈشتۇر. نەتىجىدە كىشىلەرنىڭ بىزدىن كۈتكەن ئۈمىدى ۋە ئارزۇلىرى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ ئەسلى كىملىكى ۋە ئارزۇلىرى ئارىسىدا سالاھىيەت كرىزىسى يۈز بېرىدۇ.

*بۇرۇن بىر ئادەم بولۇپ، مەلۇم شەھەردىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا ناھايىتى چارچاپ كەتكەنلىكتىن، ئاشۇ شەھەرنىڭ ئاۋات بىر بازىرىدا ئۇخلىماقچى بوپتۇ، بىراق ئەتىسى ئويغىنىپ نۇرغۇن كىشىلەر ئارىسىدىن ئۆزىنى تاپالماي قېلىشتىن ئەنسىرەپ پۇتىغا قىزىل لاتىدىن بىرنى چىگىپ ئۆزىگە بەلگە سېلىپ قويۇپتۇ. ئۇ كىشى ئۇخلاپ قالغاندىن كېيىن، شۇ شەھەردە ياشايدىغان بىر قىزىقچى ئۇنىڭ پۇتىدىكى قىزىل لاتىنى ئېلىپ، ئۆزىنىڭ پۇتىغا چىگىپ ئۇنىڭ يېنىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. ھېلىقى كىشى ئەتىسى ئويغىنىپ، قىزىل لاتىنىڭ يېنىدىكى ئادەمنىڭ پۇتىغا باغلاقلىق ئىكەنلىكىنى كۆرۈپ، ھەيرانلىق ئىچىدە «سەن مەن ئىكەنسەنغۇ؟ ئۇنداق بولسا مەن كىم؟» دېگىنىچە تاغقا چىقىپ كەتكەنىكەن.*

ھەرقانداق نەرسە ئۆزى بولۇشنى ئارزۇ قىلىدۇ، تاش تاش بولۇشنى، مۈشۈك مۈشۈك بولۇشنى، شىر شىر بولۇشنى ... دېگەندەك. ئەلۋەتتە، مەنمۇ پەقەت ۋە پەقەت ئۆزۈم بولۇشنىلا ئويلايمەن ۋە ئىزدەۋاتىمەن...

شۇنى ھېس قىلدىمكى، ئادەم ئۆزىنىڭ «كىم»لىكىنى بىلىشتىن ئاۋۋال ئۆزىنىڭ «كىم ئەمەس»لىكىنى بىلىشى كېرەك ئىكەن.

بۇ كىتابنى يېزىش پىلانىم خېلى بۇرۇنلا بولغان بولسىمۇ، ئىزچىل كەينىگە كېچىكتۈرۈپ كەلدىم. بىر كۈنى شاڭخەينىڭ مەلۇم بىر كىتابخانىسىنى چۆگىلەۋاتقىنىمدا، مەلۇم بىر

كىتابتىكى بىر جۈملىگە كۆزۈم چۈشۈپ قالدى، ياق! توغرىسى ئۇ جۈملە كۆزۈمگە چۈشتى:

مەلۇم بىر ئىشنى قىلىش ئارزۇيۇڭغا ھەرىكەت ھەمراھ بولمىسا، دېمەك ئەسلى ئارزۇيۇڭ بولسا ئۇ ئىشنى قىلماسلىق.

ماڭا بېشارەت شەكلىدە ئۇچرىغان بۇ جۈملە مەزكۇر كىتابنى يېزىشنى باشلىشىمغا تۈرتكە بولدى. خاتىرەمنى ئالدىم، خەتلەر پىژغىرىم ئىسسىقتىكى ھاياتى كۈچكە تولغان قارا چۈمۈلىلەردەك سەپ تۈزۈپ مېڭىشقا باشلىدى. كىتابتا تەسۋىرلەنگەن «مۇئەللىم» بولسا مېنىڭ بىرخىل يۇقىرى چاستوتىدىكى روھىي ھالىتىم بولۇپ، يازغۇچىلار بۇنى «ئىلھام» دەپ ئاتايدۇ، مەن «مۇئەللىم» دەپ ئاتىدىم. كىتاب باشتىن ئاخىر تۇرمۇشۇمدا يۈز بەرگەن ھېكايىلەر ئارقىلىق كىشىلەر يولۇققان ۋە يولۇقىدىغان تۈرلۈك پىسخىكا توسالغۇلىرىنى «مۇئەللىم» سۆزلىرى ئارقىلىق ھەل قىلىش شەكلىدە يېزىلدى. بۇ كىتاب ئارقىلىق ئوقۇرمەنلىرىم ئاندا ـ ساندا تەلەيلىك قۇرلارنى ئۇچرىتىپ قالسا ئەجەپ ئەمەس.

# مۇندەرىجە


| | |
|---|---|
| مۇئەللىم بىلەن ئۇچرىشىش | 01 |
| ھەقىقىي بىلىم | 07 |
| بۆرە كەلدى | 12 |
| ئۇرۇقتىن گۈلگىچە | 16 |
| داۋىنچىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى | 19 |
| ئۈچ خىل ئادەم | 26 |
| كونا ئورۇندۇق ياكى گېگانت شىر | 34 |
| سىرلىق ئوردا | 38 |
| سەن يالغۇز ئەمەس | 43 |
| ئۆمۈچۈكنىڭ سۆزى | 48 |
| ھەممىنى بەر | 54 |
| «قاراقچى» دىن نېمىنى ئۆگەندىم | 58 |
| مۇھەببەتنىڭ چىرايى | 62 |
| مېنىڭچە، مېنى كەچۈردۈڭ | 67 |
| ئۇلار غالىبلاردىن ئەمەس | 71 |
| يۈرەكلىك بولۇقا | 77 |
| ۋاقىت نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ | 81 |
| كارخانا ۋە «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە» | 87 |
| ئېتىزدىكى تاش | 95 |
| سۈكۈت ۋە سۆز | 100 |

راست ۋە يالغان 104
كۆرۈنمەسلىكنىڭ كۈچى 107
ئىككى ئەمەس 111
ئۆزىدىن ھالقىش 115
نەتىجە ۋە سەۋەب 120
ئۇنۇمسىز ساياھەت 124
قېرىنداش ۋە قېرىنداش 129
مۇكەممەللىك ۋە مۇكەممەللىشۇناسلىق 133
چاقماق سوققان گۈل 134
جامائەت ۋە ئەنئەنە 145
دوست ۋە دوستلۇق 150
ھەرىكەت سۆزلەيدۇ 156
يېقىلىشنى ئۆگەن يېقىلىشتىن ئۆگەن 162
ئاپام ئۈچۈن قىلالمىغىنىم 170
داداڭغا ئېيت 176
چىڭگىزخاننىڭ ئاچچىقى 182
كىرپىنىڭ تىكىنى 188
جەنۋەدىكى بىر پارچە رەسىم 195
66 ياشلىق ئەلى قۇربان 202
تاغامنىڭ ئۆلۈمى 206
خاتىمە 211

# مۇئەللىم بىلەن تۇنجى ئۇچرىشىش

ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن، مەكتەپتىكى مەن ھاياتىمغا كىرگەن ۋە مېنىڭ ھاياتىمغا كىرگەن بارلىق كىشىلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم تۇيۇقسىز ئۈزۈلدى. ئۇلارنىڭ ئىچىدە پىۋاخۇمار ياتاقداشلىرىم، تىرىشچان ساۋاقداشلىرىم، شۇنداقلا ئاپامدىن قالسا مېنى تۇنجى قۇچاقلىغان قىز دوستۇممۇ بار.

ئوقۇش پۈتتۈرگەندىن كېيىن مەن دۇنياغا ئۆز تالانتىنى تونۇتۇپ قويۇش ئۇلۇغۋار ئارزۇسىنى كۆڭلىگە پۈككەن ئوت يۈرەك بىر ياشتىن، پۇل تېجەش ئۈچۈن تورخانىنىڭ كارتىسىغا بىراقلا پۇل قاچىلاپ، كېچە بىلەن كۈندۈزنىڭ مەنىسى ۋە پەرقىنى ئايرىيالمايدىغان چۈشكۈن مەخلۇققا ئايلاندىم (كېچىدە يورۇق ئۆيگە كىرىۋېلىش بىلەن، كۈندۈزدە قاراڭغۇ ئۆيگە كىرىۋېلىشنىڭ ئاسمان ـ زېمىن پەرقى بار).

ئۇ چاغلاردىكى «مەن» خۇددى كافكا[1] ئەسەرلىرىدىكى مېتامورفىزلانغان، ۋارقىراش ئىمتىيازىدىنمۇ مەھرۇم قالغان قۇرۇتقا ئوخشايتتى. گەرچە ئارزۇيۇم باشقىلارنى داۋالايدىغان دوختۇر بولۇش بولسىمۇ، نەتىجىدە ئائىلەمنى شۇنداقلا ئۆزۈمنى يارلاندۇرىدىغان كېسەلگە ئايلاندىم. رېئاللىققا

---

① فرانس كافكا ـ 19 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن چېخلىق يازغۇچى.

يۈزلىنىش ئەمەس، ئۇنىڭغا قاراشقىمۇ جۈرئەت قىلالماس بولۇپ قالدىم. مەغلۇبىيەتنىڭ ئاچچىق ھەسرەتلىرى دىمىقىمغا ئۆرۈلۈپ ھەر نەپەستە مېنى قىيناپتتى.

يەنە شۇ ۋاقىتتا، ئۆلۈم بىلەن تۇنجى ئۇچراشتىم، مېنى ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان تاغام ئۆلدى، ماڭا تۇنجى رەڭگەتكە ياساشنى ۋە ئېتىشنى ئۆگەتكەن، شۇنداقلا چوڭ بولسام ئۇنىڭدەك بولىمەن دېگەن تاغام ئۆلدى. تۇيۇقسىز ئۆمۈچۈك بولۇپ قېلىشنى ئارزۇ قىلدىم. ئۆمۈچۈكنىڭ تورىدەك قالايمىقان تۇرمۇشۇمدىن پەقەت ئۆمۈچۈككە ئايلىنىش ئارقىلىقلا قۇتۇلالايتتىم ياكى قوبۇل قىلالايتتىم.

ئەنە شۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرى، تېلېۋىزوردا «شەپەرەڭ پالۋان» كىنوسىنى ئۇچرىتىپ قالدىم. «شەپەرەڭدىنمۇ پالۋان چىقامدۇ؟» دېدىم ئىچىمدە. كىنو داۋاملىشىپ مەلۇم يېرىگە كەلگەندە، شەپەرەڭ پالۋان ئۇستازىغا ئۆزىنىڭ قاراڭغۇدىن قورقىدىغانلىقىنى ئېيتتى. ئۇستازى ئۇنىڭغا: «سەن قورققاندىن ھەممە ئادەم قورقىدۇ، ئەگەر سەن ئاشۇ نەرسىدىن قورقمىساڭ، ئۇچاغدا ھەممە ئادەم سەندىن قورقىدۇ.» دەپ جاۋاب بەردى.

مېڭەمگە چاقماق ئىلاھى تورنىڭ بولقىسىدەكلا تەگكەن بۇ جۈملە مېنى ئويلاندۇرۇپ قويدى. ئەسلى مەندە بولۇۋاتقان كەلگۈسىدىن ئەنسىرەش، مەغلۇبىيەتچى تۇيغۇسىدا بولۇش، ئۆزگىرىشتىن قورقۇش، رېئاللىقتا يۈزلىنەلمەسلىك، چۈشكۈنلۈك ۋە كىملىكنى تاپالماسلىق قاتارلىق تۇيغۇلار مەندىكى شەخسىي مەسىلە بولماستىن، بەلكى بىرخىل

ئۇنىۋېرسال روھىي ئاجىزلىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتىم. شۇنداقلا 20 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن فرانسىيە پەيلاسوپى ساتىرىنىڭ «ئادەم ئورتاق كېسەل بولىدۇ، ئايرىم ـ ئايرىم ساقىيىدۇ» دېگەن گېپىنى چۈشەنگەندەك بولدۇم.

كاللامدىكى تۈمەنمىڭلىغان ئاۋازلارنىڭ ئىچىدە تۇيۇقسىز بىر ئاۋاز ئىنتايىن كۈچلۈك ۋە جاراڭلىق ھالدا ياڭرىدى:

ـ ئادەم جاسارەتكە تولغاندا كېسەل كارۋىتىدىنمۇ قەھرىمان پەيدا بولىدۇ.

ـ سەن كىم؟ ـ دەپ سورىدىم بۇ ئاۋازدىن.

ـ مەن بولسام سېنىڭ تېخى ياشاپ باقمىغان قىسمىڭ.

ـ ئۇنداق بولسا ئىسمىڭ «مۇئەللىم» بولسۇن.

شۇ كۈندىن باشلاپ «مۇئەللىم» ماڭا پات ـ پات ھەمراھ بولۇشقا باشلىدى. شەپەرەڭدىنمۇ پالۋان چىقىدىغانلىقىغا ئاخىرى ئىشەندىم.

## قېيىنچىلىقتا جاۋاب

تايچاقلاردەك
تايلاقلاردەك
ئۆزۈمنى بىلمەي
خۇدۇمنى بىلمەي
ساڭا ئېتىلىپ باردىم
ئاندىن مېنى
يەرگە ئۇردۇڭ

قوپالمىدىم
قوپسام يەنە
يىقىلىشتىن قورقتۇم.
ئاندىن مېنى
قۇشلار زائىلىق قىلدى.
ئانام بۆشۈكنى كۆتۈرۈپ،
قېيدىغان هالدا
سەپەرگە ماڭدى.
شۇنىڭدىن بېرى،
قويلارنى بېقىپ
قويلار مېنى بېقىپ،
ئورمانلاردا
جاڭگاللاردا
ئېيىقتىن قورقۇپ
بۆرىدىن قورقۇپ
«بۆرە كەلدى» دەپ توۋلاپ،
ئۆزۈمنى ئالداپ
پۈتۈمنىڭ ئۇچىدا دەسسەپ
ياشاپ يۈردۈم.
توغرىسى
قېچىپ يۈردۈم.
بىر كۈنى،
جىنىم ئانام، گۈزەل ئانام
ئاق قۇچقاچقا ئايلىنىپ

ئاغزىدا بىر تال يوپۇرماق
ئالدىمغا قوندى.
ئانام دېدى:
«جېنىم ئوغلۇم، جەسۇر ئوغلۇم
سەن تۇغۇلغاندا،
قاشلىرىڭ قويۇق
قوي كۆزلىرىڭ
يانار تاغنىڭ ئوتى.
مەھەللىدىكىلەر
كۈن تۇغدى، ئاي تولدى
دەپ تولۇشۇپ، تەنتەنە قىلغانىدى.
داداڭمۇ ھەتتا، شۇ بىر قېتىم
كۈلگەن ئىدى.»
دەل شۇ كۈنى
پۈشتەك چېلىندى.
ئۇرۇق تۇپراقتىن قوپقاندەك
ئاۋال بارمىقىمنى، ئاندىن قامىتىمنى
دىۋىلەر كەبى
كۆتۈرۈشكە باشلىدىم.
دەل شۇ كۈنى،
مېنى يىقىتقان تاغقا قاراپ
شامالغا قاراپ
ئۈنلۈك توۋلىدىم:
كەل!

ماكبېتنى[1] توسقان شامال
كەل!
مەن ساقلاۋاتىمەن
ساقلىيالمايدۇ دېگەن جايدا
تۇرالمايدۇ دېگەن جايدا
تۇرسىمۇ ئېگىلىپ تۇرىدۇ، دېگەن جايدا
كۆيۈۋاتقان نەيىنى چېلىپ
سېنى ساقلاۋاتىمەن.
كەل!
بۇرۇنقى ھەيۋىتىڭ بىلەن كەل!
ئۇلار بابىلۇندا ماڭغاندەك.
قولۇمدىكى ياغاچ قىلىچ تىترەۋاتىدۇ.
بۇ راست
بىراق قولۇمدىن چۈشمەيدۇ.
بۇمۇ راست
سەن كۆرگەن ھېلىقى كېرەكسىز ياغاچلاردىن
كېمە ياسىلىپ بولدى.

---

① ماكبېت ـ شېكىسپىرنىڭ «رومانتىك تراگېدىيە» ناملىق رومانىدىكى باش پېرسوناژنىڭ ئىسمى

## ھەقىقىي بىلىم

بۇ ۋەقە 2000 ـ يىلى، ئاتۇش پويىز ئىستانسىسىدا يۈز بەردى.

يۈك تاقىسىنىڭ يېرىمىدىن كۆپرەكى نان بىلەن تولغان ئەلى پويىزنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ بۇرنى بىلەن كۆزىنى ھېسابقا ئالمىغاندا چىرايى كىشىلەرنىڭ دىققىتىنى ئانچە تارتمايتتى. ئەلى تۇيۇقسىز تاغقا قارىدى: «تاغلارنىڭ چوققىلىرى بىر ـ بىرىدىن پەرقلەنگەن بىلەن ئاستى ئوخشاش تەكشى ئىكەن» دېدى ئىچىدە. «ئالدىرىما سەن!» دېدى تېشىدا.

تۇيۇقسىز ئالدىنقى ئاخشام دادىسى بىلەن شاھمات ئوينىغان ۋاقتىنى ئەسلىدى. شاھماتنىڭ بىر پىچكىسى يۈتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىغا دادىسى بەش پۇڭلۇق تەڭگىنى ئىشلەتكەن ئىدى. ئەتىسى سەپەر قىلىدىغانلىقىنى كاللىسىغا كىرگۈزىۋالغان ئەلى بۇ بىر قول شاھماتنى قانچە تېز ئاخىرلاشتۇرۇشنى ئويلىغانسىرى دادىسى شۇنچە ئالدىرىماي ئويناشقا تىرىشاتتى.

ـ بولدى ئوينىمايلى دادا، ـ دېدى ئۇ تاقەت قىلالماي، ـ ئۇنىڭ ئۈستىگە گەردەنىمۇ تاتقۇزۇپ قويدۇم، بەربىر ئۇتتۇرىمەن.

دادىسى ئىزچىل كۆزىنى شاھمات تاختىسىدىن ئۈزمىگەن ھالدا ئۇنىڭغا:

- ئاڭلا ئوغلۇم، سەپەرگە ماڭماقچى بولىۋاتىسەن، ئايدا 400 يۈەن سىلىپ بېرىشتىن باشقا مەن سەن ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى قىلىپ بېرەلمەيمەن. بىراق شۇنى ئېسىڭدە تۇتىشىڭ كېرەككى، ھايات مۇشۇ بىر قول شاھمات ئويۇنىغانغا ئوخشايدۇ. بەزىدە ئۇتتۇرىسەن، بەزىدە ئۇتىسەن، ئىككىلىسى ساڭا پايدىلىق. ئەڭ خەتەرلىك بولغىنى، ئويۇنىنىڭ ئوتتۇرىسىدا ۋاز كېچىپ كېتىپ قېلىش. بۇنداق قىلساڭ مەڭگۈ شاھمات تاختىسىنىڭ ئالدىغا كېلىشتىن قورقىدىغان بولۇپ قالىسەن. گەردەڭنى يوقۇتۇش ھەممىنى يوقاتقانغا باراۋەر ئەمەس، بۇ بىر قولنى ئاخىرغىچە ئويناپ ئاندىن ماڭ، - دىدى ۋە ئاتنى بىر قەدەم ماڭدى.

پويىزنىڭ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاۋاتقان ئەلى توختىماي سائىتىگە قارايتتى. ئۆزىنىڭ توختىماي سائەتكە قارىشىدىن بىزار بولۇپ، ئاخىرى قول سائىتىنى توختىتىپ قويدى. ۋاقتىنى ئۇتتۇپ كېتىش ئۈچۈن ئۆزىدە بار بولغان بىردىنبىر كىتابنى قولىغا ئالدى. ئۈچ كۈن بۇرۇن مۇشۇ بىر كىتابتىن باشقا ھەممە كىتابلىرىنى سېتىۋەتكەن ئىدى. چۈنكى ئۇ كۆپ كىتاب ئوقۇشتىن بىر كىتابنى كۆپ قېتىم ئوقۇشنىڭ تېخىمۇ مۇھىملىقىنى بىلەتتى. ئۇنىڭغا قىيىن بولغىنى دوسلىرى بىلەن خوشلىشىش بولدى. دوستلىرىنىڭ ئۇنى سېغىنمايدىغىنىنى بىلسىمۇ ئۆزىنىڭ دوستلىرىنى سېغىنىدىغانلىقىغا ئىشىنەتتى.

دائىم لەگلەك ئۇچۇرۇپ ئويناپدىغان يۇرتىمىزنىڭ كۆك ئاسمىنىغا يەنە بىر قېتىم ئەستايىدىل قاراشقا ئۈلگۈرمەيلا پويىز يېتىپ كەلدى. يۈرىكى ھاياجان بىلەن تولغان بولسىمۇ، چىرايى بۇنى ئاشكارىلىمايتتى. ئۇ ئالىي مەكتەپكە مېڭىۋاتاتتى. بەزى نەرسىلەرنى ئۇنتۇش ئۈچۈن، يەنە بەزى نەرسىلەرنى ئەسلەش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. تونۇشلار بىلەن يادلىشىش ئۈچۈن، ياتلار بىلەن تونۇشۇش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. مەۋجۇدلۇق تۇيغۇسى يېتەرلىك بولغان كىچىك كۆلدىكى چوڭ بېلىق بولۇشتىن، مەۋجۇتلۇق كىرىزىسى ساقلاپ تۇرغان بىپايان چوڭ دېڭىزدىكى كىچىك بېلىق بولۇش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. ئۆزىنى دۇنياغا، دۇنيانى ئۆزىگە بىلدۈرۈش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى.

خوشلىشىش ئۇنىڭ ئۈچۈن ئوڭاي ئىدى. چۈنكى بارلىق ساۋاقداشلىرىنىڭ ئىچىدە ئۇنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن چىققانلارنىڭ سانى ئەڭ ئاز ئىدى. ئىككىنچى دۇنيا ئۇرۇشىغا ماڭغان ئەسكەرلەرنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن چىققان ئاياللاردەك ئەلنى ئۇزۇتۇش ئۈچۈن چىققان ئانىسىنىڭ ئۇنىڭ پېشانىسىگە سۆيگەندە قالغان نەملىك تېخى قۇرىمايلا ئۇ پويىزغا چىقتى. ئارقىغا قارىمىدى. تاغىسىنىڭ «قولىنى ئالدىدىكى ساپانغا قويۇپ، كۆزى ئارقىغا قارىغان كىشى مۇۋەپپەقىيەتتىن سۆز ئاچمىسۇن.» دېگەن سۆزى ئۇنىڭ يادىدا ئىدى. تېخىمۇ مۇھىمى، ئارقىغا قارىسا نېمە ئىشلارنىڭ يۈز بېرىشىدىن ئەنسىرىدى. ياش تۆككەن ھالىتىنى ئانىسىغا كۆرسىتىشنى خالىمىدى.

ئۇ بىلىم ئېلىش ئۈچۈن كېتىپ باراتتى. تۇيۇقسىز ئەزەلدىن ئاڭلاپ كېلىۋاتقان بىلىم دېگەن سۆز ئۇنىڭ كاللىسىدا غۇۋالىششقا باشلىدى. بىلىم دېگەن نېمە؟ مەن قايسىسىنىڭ ھەقىقىي بىلىم ئىكەنلىكىنى قانداق بىلىمەن؟ ـ سورىدى ئەلى.

مۇئەللىم كەلدى........

بىلىم دېمەك يورۇقلۇق دېمەكتۇر. ئۇ ساڭا كىرگەن ھامان سېنى ئۆزگەرتىۋېتىدۇ. ئۆگىنىشكە باشلىغاندا ئۆزۈڭنىڭ ئەسلى كېسەل ئىكەنلىكىڭنى بايقايسەن. شۇڭا بەزىدە كېسەللەرنىمۇ تەبرىكلەش كېرەك. چۈنكى ئۇلار ھېچبولمىغاندا ئۆزىنىڭ كېسەل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

ئۆگىنىشكە باشلىغىنىڭدا ئۆزگىرىشكە باشلايسەن. ئۆزگىرىشكە باشلىغىنىڭدا سېنى قارا بېسىشقا باشلايدۇ. چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىسەن. ئەلۋەتتە بۇ غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتقاندىن ئەۋزەل.

ھەقىقىي بىلىم بىلەن ئۇچراشقىنىڭدا غەلىتە بولۇپ قالىسەن. بەزىدە ھوش كاللاڭدىن ئادىشىپ قالغاندەك ھېس قىلىسەن. ئەنسىرىمە، پەلە قۇرتى كېپىنەككە ئۆزگىرىدىغان پەيتتە ئاجايىپ قىينىلىدۇ.

ئەلۋەتتە ھەقىقىي بىلىمنى ئىزدەپ تاپماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس.ئاۋۇ تاغدا ئالتۇن بار دېيىشنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىراق ئاشۇ ئالتۇننى قېزىپ چىقىش بەسى مۇشكۈل ئىش. ئۇنىڭ ئۈچۈن سانسىزلىغان كېرەكسىز تاش ـ تۇپىلارنى ئېلىۋېتىشكە توغرا كېلىدۇ.

ھەقىقىي بىلىم مۇنداق ئۈچ ئالاھىدىلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ: بىرىنچىدىن، ئۇ سىنى ھەيران قالدۇرىشى كېرەك. بىلگەن ۋاقتىڭدا كۆزلىرىڭ چەكچىيىپ كېتىشى كېرەك. قەلبىڭنىڭ ئۆزۈڭمۇ ئۇنتۇپ قالغان بىراق ئادەتلىنىپ قالغان تۇگۇنلىرى يېشىلىپ كەتكەندەك ھېس قىلىشىڭ كېرەك. ئىككىنچىدىن، ئۇنى ھاياتىڭدا ئەمەلىي ئىشلەتكىلى بولىدىغان بولىشى كېرەك. غىلابىتىن چىقمايدىغان خەنجەردىن يىپ ئۆتكۈزگىلى بولىدىغان يىڭنە ئەۋزەل. ئۈچىنچىدىن، ھەرقانداق ئۆگىنىمەن دېگەن ئادەم ئۇنى ئۆگىنەلەيدىغان بولىشى كېرەك.

بەلكىم مەندىن، بىلىم ساڭا نېمە پايدا ئېلىپ كەلدى؟ دەپ سورىشىڭ مۇمكىن. مەن ساڭا، بىلىم ئارقىلىق مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ دوستىغا ئايلاندىم، دەپ جاۋاب بېرىمەن. بۇ بەك چوڭ ئىلگىرلەش. ئۇنداق ئادەم مەڭگۇ يالغۇز قالمايدۇ. ئۇنداق ئادەم پۈتكۈل ئىنسانىيەتنىڭ دوستىغا ئايلىنالايدۇ.

* ھەرقانداق ئادەم

## بۆرە كەلدى

ئۇ بىر قىش پەسلى ئىدى.

تالادا ئاپئاق دېگىلى بولمايدىغان قار لەپىلدەپ ياغماقتا. قارنىڭ ئارقىسىدىكى بىنا غۇۋا كۆرۈنۈپ تۇراتتى. خۇددى قار ماڭا: «سەن رېئاللىقنى ئەنە شۇنداق غۇۋا كۆرىسەن» دەپ پىچىرلاۋاتقاندەك تۇيۇلىدى. ئاندا ـ مۇندا يىمەكلىك ئىزدەۋاتقان ۋە ياكى بالىسىنى ئىزدەۋاتقان قۇچقاچلار گاھ پەيدا بولۇپ، گاھ غايىب بولاتتى.

قۇشلار ئۆزى بىلمەيدىغان يەرگە بېرىشقا ئامراق كېلىدۇ، بىراق بىز ئادەملەر بولساق، كۆنلىرىمىزنى ئۆزىمىزگە تونۇش دۇنيايىمىزدا ئۆتكۈزۈشكە تىرىشىمىز. ناتونۇشلۇقتىن جىددىي قورققاندەك قورقىمىز. ئاران كۆنگەن تۇرمۇشلىرىمىزدا ئۆزگىرىش بولۇشنى ئويلاش بىزدە ۋەھىمە پەيدا قىلسا، ئۆزگۈرۈش بولۇش بىزنى ساراسىمىگە سالىدۇ. نەتىجىدە، باشقىلارنى ئۆز دۇنيارىمىزغا سۆرەپ كىرىشكە ئۇرىنىمىز ـ يۇ، ئۆز دۇنيارىمىزدىن چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايمىز. قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ھەممە ئادەمنى ئۆيىمىزگە ئەكىرگەندىن، ئۆيىمىزدىن چىقىپ ئۇلار بىلەن ئۇچرىشىشنىڭ ئەسلى تۇغرا ۋە ئوڭاي ئىكەنلىكىنى بىر تېخىچە تونۇپ يەتمىدۇق. دېرىزەم سىرتىدىكى ئۇ قۇشلار مېنىڭ سەپەر قىلىشىمنى،

بىلىشىمنى ۋە چۈشىنىشىمنى ساقلاپ تۇرىۋاتقان باشقا بىر دۇنيانىڭ بارلىقىدىن بىشارەت بېرىپ تۇرىۋاتاتتى.

تالىس[1] پىرامىدانىڭ ئېگىزلىكىنى سايىسىنى ئۆلچەش ئارقىلىق بىلگەن، ئارخىمىد ئالتۇننىڭ ساپلىق دەرىجىسىنى ئالتۇن سىقىپ چىقارغان سۇنى ئۆلچەش ئارقىلىق بىلگەن. كولومبو يەر شارىنىڭ شەكلىنى پاراخوتنىڭ يەلكىنى ئارقىلىق بىلگەن. ئۇنداقتا پىرامىدادىنمۇ ئېگىز، ئالتۇندىنمۇ ساپ، دېڭىزدىنمۇ ھەيۋەتلىك بىر ئادەملەرنىڭ قىممىتىنى نېمە ئارقىلىق ئۆلچەيمىز؟

مۇئەللىم كەلدى ...

قارا ئەلى، پاكار ئادەمنى ئېگىز تاغنىڭ ئۈستىگە ئولتۇرغۇزۇپ قويساڭمۇ، ئۇ يەنىلا پاكار ئادەم. گىگانت ئادەمنى چوڭقۇر ئورەككە ئىتتىرىۋەتسەڭمۇ، ئۇ يەنىلا گىگانت ئادەم. بىراۋنى ئۆلچەمەكچى بولغىنىڭدا ئۇنى يالىڭاچلاپ كۆر. تاقىغان زىبۇ-زىننەتلىرىنى، قىممەت باھالىق كىيىملىرىنى، پۇللىرىنى، نامىلىرىنى ھەتتا بەدەنلىرىنىمۇ سالدۇرىۋەت. ئۇ ئادەم «كاتتا»لىقنى ئاشۇ نەرسىلەردىن ئارىيەت ئالغانمۇ ياكى ھەقىقىي ئۆزىنىڭمۇ؟ بۇنى ئۇنىڭ روھىيىتىدىن كۆر.

ئادەمنىڭ روھىيىتى ئۆزىنى تونۇپ يېتىش دەرىجىسى بىلەن ئوڭ تاناسىپ بولىدۇ. تاشقى رېئاللىقى بولسا، ئۆزىنى تونۇپ يېتىش دەرىجىسىنىڭ سىرتقى ئىپادىلىنىشى بولىدۇ.

---

① تالىس-مىلادىدىن ئىلگىرى 7-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن مۇتەپەككۇر، ئالىم.

ئۆزىنى تونۇپ يېتىش دەرىجىسى بولسا، ئۇ يولۇققان ۋە يەڭگەن قىيىنچىلىقلار ئارقىلىق شەكىللىنىدۇ ۋە ئۆرلەيدۇ.

تاغقا يامىشىۋاتقان ئۇ كىشىگە قارا، ئەمەلىيەتتە ئۇ تاغقا ياماشمايۋاتىدۇ بەلكى تاغقا ئايلىنىۋاتىدۇ. ئالدىغا قاراپ ئالغان ھەربىر قەدىمى ئۇنى تاغنىڭ چوققىسىغا ئەمەس بەلكى ئۆزىنىڭ چوققىسىغا يېقىنلاشتۇرىۋاتىدۇ. ھاياتىڭدا تېخىمۇ كۆپ تاغلارغا ئۇچرايسەن. ئۇلارغا بەك ئۇزۇن قاراپ كەتمە. قارىغانسىرى تاغلار تېخىمۇ قورقۇنۇچلۇق كۆرىنىدۇ. بىرلا قاراپ قوي ـ دە، ئالدىڭغا قاراپ ماڭ. تاققا قاراپ بىر قەدەم ئالساڭ، ئۇ سەن ئۇچۇن بىر قەدەم پەسلەيدۇ. ھۆرمەت بىلدۈرىدۇ.

ئەگەر سەن تۇيۇقسىز بىر بۆرىگە ئۇچرىغىنىڭدا، بۇ ماڭا كەلگەن بىر كېلىشمەسلىك ۋە بەختسىزلىك دەپ ئويلاپ، ئۇنىڭدىن قېچىپ قۇتۇلۇشنى ئويلىساڭ، تېخىمۇ ئەپسۇسلىنارلىقى، قېچىپ قۇتۇلالىساڭ، بۇ دەل سېنىڭ ئەڭ چوڭ بەختسىزلىكىڭدۇر. ئەمەلىيەتتە، بۇ بۆرە ساڭا كەلگەن كېلىشمەسلىك بولماستىن، بەلكى ئامەتتۇر. چۈنكى بۆرىنىڭ ھېچكىمگە ئۇچرىماستىن ساڭا ئۇچرىشى پەقەت ۋە پەقەت سېنىڭلا بۆرىنى يېڭىش قابىلىيىتىڭنىڭ بارلىقىنى چۈشەندۈرىدۇ. چۈنكى ئىنسانلارغا ئۇلار يېڭەلمەيدىغان قىيىنچىلىق بېرىلمەيدۇ. بېرىلگەنىكەن ئۇنى تامامەن يېڭەلەيدۇ، ئۇنى يېڭىش يېڭى كىملىك ئاتا قىلىدۇ. بۇ يېڭى كىملىك يېڭى رېئاللىقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

مۇئەللىم كەلدى...

ئالەم سىنىڭ ئارزۇيۇڭ بويىچە ئەمەس، سىنىڭ كىملىكىڭ بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ. بۆرىنى يەڭگەندىن كېيىن، بۆرىنى يېڭىپ باقمىغان ئادەمدىن بۆرىنى يېڭىپ باققان ئادەمگە ئايلىنىسەن. ئەگەر بۆرىدىن قېچىپ قۇتۇلساڭ خۇش بولۇپ كەتمە، بۇ بۆرە مەڭگۈ قەلبىڭدە سايە تاشلايدۇ، قورقىتىدۇ ۋە چۈشلىرىڭدە قوغلايدۇ، تاكى ئۇنى قايتا ئۇچرىتىپ يەڭمىگۈچە. قېيىنچىلىق دەل بۆرىنىڭ مىسالىدۇر. بۇنىڭدىن كېيىنكى ھاياتىڭدا، قىيىنچىلىق دېگەن سۆزنىڭ ئورنىغا، ئامەت دېگەن سۆزنى ئالماشتۇر. ۋايساشلارنىڭ ئورنىغا «رەھمەت»لەرنى ئالماشتۇر.

# ئۇرۇقتىن گۈلگىچە

بىر قېتىملىق مۇراسىمدا، ساكيامۇنى بىر تال گۈلنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن تىكىلىپ قاراپ تۇرغان ئىكەن. بىر ئازدىن كېيىن شاگىرتلىرىنىڭ ئىچىدە ماخا كاسياپا ئىسىملىك بىر كىشى كۈلۈمسىرەشكە باشلاپتۇ. رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ ئىچىدە پەقەت شۇ كىشىلا ساكيامۇنىنىڭ نېمە دېمەكچى بولغىنىنى بىلگەن ئىكەن. كېيىن مۇشۇ كۈلۈمسىرەش بۇددا دىنىدىكى زېن مەزھىپىنىڭ ئاساسى بولغان ئىكەن.

ھەرقانداق ئادەم تۇغۇلغاندا ئۇنىڭغا بىر ئۇرۇق تېرىلىدۇ، بۇ ئۇرۇق دەل ئۇنىڭ خاسلىقى ياكى تەقدىرى ھېسابلىنىدۇ. بۇ ئۇرۇق ئۆسۈپ نۇرغۇن ئۆزگىرىشلەردىن كېيىن تولۇق گۈلگە ئايلىنىشقا تىرىشىدۇ. ئادەم ھاياتىنىڭ ۋەزىپىسى مۇشۇ ئۇرۇقنى گۈلگە ئايلاندۇرۇشتۇر. ئەسلى ھەرقانداق ئادەمدە گۈلگە ئايلىنىش ئۈچۈن كېرەكلىك بولىدىغان كۈچ ساقلانغان بولىدۇ. بىراق مۇھىتنىڭ تەسىرىدە، بولۇپمۇ ئەتراپتىكى ئادەملەرنى دوراش ۋە ئوخشىۋېلىشنىڭ نەتىجىسىدە ئادەم خاسلىققا ئىگە ئۇرۇقتىن خاسلىققا ئىگە گۈلگە ئايلىنىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرىۋالىدۇ.

دۇنيادىكى سان-ساناقسىز يوپۇرماق، ھەتتا قار ئۇچقۇنلىرىنىڭ ئىچىدىمۇ بىر-بىرىگە ئوپمۇ-ئوخشاش

ئىككىسىنى تاپقىلى بولمىغانــدەك بۇنــدىن بــۇرۇن ياشــاپ ئۆتكەن، ھازىر ياشاۋاتقان ۋە بۇنــدىن كېــيىن ياشــايدىغان ئىنسانلار ئارىسىدىمۇ بىر-بىرىگە پۈتــۈنلەي ئوخشــايدىغان ئىككى ئادەمنى تاپقىلى بولمايدۇ. بىزنىڭ قىلىۋاتقان بــارلىق ئىشــلىرىمىز ۋە خىزمەتلىرىمــــز دەل ئۆزىمىزنــــىڭ مۇشــۇ خاسلىقىنى بەرپا قىلىش ئۈچۈن، ئادەمدىن ئىبارەت ئــۇرۇقنى گۈلگە ئايلاندۇرۇش ئۈچۈن بولىشى لازىــم. لاتىــن تىلــدا خىزمەت دېگەن سۆزنىڭ ھاياتقا چاقىرىلىش دېــگەن مەنىســى بار. توغرا، قىلىۋاتقان ئىشىمىز ئارقىلىق ھاياتقا چاقىرىلىمىز، شۇنداقلا ئۆزىمىزنى تونۇپ يېتىمــىز، دۇنيــادا خىزمەتتىنمــۇ كۈچلۈك ئىبــادەت بولمىســا كېــرەك. ھەرقانــداق ئــادەم تۇغۇلغاندا پۈتۈنلەي ئۆزىگە خاس گېنىتىكىلىق قۇرۇلما بىلەن تۇغۇلىدۇ، بىراق بەزىلەر مەڭگۈ ئۆزى بولالمايدۇ.

مۇئەللىم كەلدى ...

ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ يۇمۇر نېمە؟

تەقدىر راستىنلا پۈتۈلگەن بولىدۇ، بىراق كىشىلەر ئۆزىگە پۈتۈلگەن تەقدىرنى تاپالمايــدۇ. «گۇنــاھ» دېــگەن ســۆز نىشانىغا تەگكۈزەلمەسلىك دېگەنلىك بولۇپ، ھەرگىزمۇ خاتــا ئىش قىلغانلىقى ئۈچــۈن جــازالىنىش بولماســتىن تــوغرىنى تاپالماسلىق دېگەن گەپ، بىراۋنىڭ توغرىنى تاپالماســلىقىنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك جازا ھېســابلىنىدۇ. گۇنــاھ دەل تەقــدىرنى تاپالماسلىق دېيىشكىمۇ بولــدۇ، ئــۆز تەقــدىرنى تاپقانــدا نىشانىغا قاراپ ماڭغان بولىدۇ. ئۇنــىڭ بىردىنبىــر ئۇســۇلى

ئەمگەكتۇر، خىزمەتتۇر، ئۆگىنىشتۇر. خىزمەت قىلماسلىق نەپەس ئالمىغانلىق بىلەن باراۋەر بولىدۇ.

ئۆز تەقدىرىنى تېپىش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. چۈنكى ھايات ئادەمگە ئۇنچە نازۇك مۇئامىلە قىلمايدۇ. ھايات سەپىرىڭدە سەن پۈتلىشىسەن، سوقۇلىسەن، يىقىلىسەن، چارچايسەن، يىغلايسەن ۋە بەزىدە يالغان سۆزلەيسەن. شۇنداق ۋاقىتلىرىڭ كېلىدۇ، قېرىنداشلىرىڭنى، دوستلىرىڭنى ئارقاڭغا تاشلاشقا مەجبۇر بولىسەن. يەنە شۇنداق پەيتلەر كېلىدۇ. ئۇلارنى كۆمۈپ قويۇشقا مەجبۇر بولىسەن.

قىش كېلىدۇ. بىز توڭلايمىز. ياز كېلىدۇ، بىز تەرلەيمىز. ئۆزگىرىشچان ھاۋارايى بىزنى كېسەل قىلىدۇ. ئورمانلاردا ياۋايى ھايۋانلارغا ئۇچرايمىز. كوچىلاردا بولسا ئۇلاردىنمۇ ياۋايى ئادەملەرگە ئۇچرايمىز. ئاپەتلەر يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. مانا بۇلار ھاياتتا ھەممە كىشى يولۇققىدىغان ئىشلاردۇر. مانا بۇ ھاياتلىققا تۆلەيدىغان باج.

بۇ ئوخشاش سەپەر ئىككى خىل ئادەمنى يارىتىپ چىقىدۇ. بىرى، غالىبلار؛ بىرى، غاپىللار؛ چۈنكى ئوت قەغەزنى كۆيدۈرەلىگەن بىلەن تۆمۈرنى تاۋلايدۇ.

ئاڭلا ئەلى، ئادەم شۇنداق ياشىمىقى لازىمكى، سەن ئۆلگەندىن كېيىنكى دۇنيا سەن تۇغۇلغان دۇنياغا قارىغاندا سەن تۇپەيلى تېخىمۇ گۈزەل بولىشى لازىم. مانا بۇ غالىبلارنىڭ دائىم، مەن دۇنيانى ئۆزگەرتىمەن، دەپ تۇۋلىشىنىڭ سەۋەبى.

## داۋىنچىنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى

1519 ـ يىلى ئاپرىلنىڭ ئاخىرى، داۋىنچى ئۆزىدا نەچچە ئاي كېسەل كارۋىتىدىن قوپالماي، ئـۆزىگە ئۆلۈمنىـڭ يېقىنلاپ قالغانلىقىنى ھېس قىلـدى. ئـۆتكەنكى ئىككـى يىلـدا ئـۇ فىرانسـىيە پادىشـاھىنىڭ شەخسـي مېھمىنـى سـۈپىتىدە ئەتىۋارلىنىپ بايلىق ۋە شەرەپلەرگە كۆمۈلگەن ئىدى، ھەتتـا ئىتالىيە ئەدەبىيات ـ سەنئەت گۈللىنىشىنىڭ تىرىك سـىمۋولى دەپمۇ تەرىپلەنگەن ئـىدى. بىـراق 67 يېشـىدا، ھايـاتىنى ئاخىرلاشتۇراي دېگەن مۇشۇ كۈنلەردە ئۇنىڭ دىققىتىنى باشقا نەرسىلەر تارتىپ تۇراتتى.

كېسەل بولۇپ ياتقاندا بىر قـانچە دوسـتلىرى يـوقلاپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ تولىمۇ خىيالچان ھـالىتىنى كـۆردى، بـۇ ھالىتى ھەرگىزمۇ بۇرۇنقى توختىماي گەپ قىلىدىغان داۋىنچىغا ئوخشىماي قالدى. ئۇ كۈنى دوستلىرىغا ئۆزىنىـڭ بـالىلىق ۋاقىتلىرىـدىكى ئەسـلىمىلىرىنى ۋە ھايـات توغرىسـىدا ئويلىغانلىرىنى سۆزلەپ بېرىشنى توغرا تاپتى. داۋىنچى دائىم ئۆز تەقدىرى توغرىسىدا كۆپ ئويلىناتتى. ئۆزىنىڭ بۈگۈنكى مەشھۇر داۋىنچى بولۇپ قېلىشىدىكى سىرنى تېپىپ چىقماقچى بولغانىدى. لىئوناردو داۋىنچى بۇ سـوئالنىڭ ۋە يـاكى بـۇ تېپىشماقنىڭ جاۋابىنى ئۆزىنىڭ بالىلىق ھايـاتىنى ئەسـلەش ئارقىلىق تاپماقچى بولدى.

ئۇنىڭ بالىلىق دەۋرى ئىتالىيەنىڭ فىلورىنسا دېگەن شەھىرىدىن 32 كىلومېتىر يىراقلىقتىكى ۋىنچى دەپ ئاتىلىدىغان بىر كەنتتە ئۆتكەن بولۇپ، دادىسى بولسا ھۆكۈمەتنىڭ گۇۋاھلىق بېرىش ئورنىدا ئىشلەيدىغان سادىق بۇرژۇئازىيە ئەزاسى ئىدى. نىكاھ سىرتىدا تۇغۇلغان بالا بولۇش سۈپىتى بىلەن لىئوناردو ھەرقانداق كەسپى ئوقۇش پۇرسىتىدىن قاتنىشىش ھوقۇقىدىن مەھرۇم قالغان. شۇ سەۋەبلىك دائىم يالغۇز يۈرەتتى. ۋاقىت تاپسىلا زەيتۇن دەرەخزارلىقىدىكى ھېچكىم بارمايدىغان يەرلەرگە بېرىشنى ياخشى كۆرەتتى. ياۋا چوشقىلار بىلەن تولغان قويۇق ئورمانلىق، شىددەت بىلەن ئېقىپ چۈشكەن شاقىراتمىلار، كۆللەردە ئۈزۈپ يۈرگەن ئاققۇلار ۋە تىك قىيالاردا ئۆسۈپ چىققان ياۋايى گۈللەر ئۇنى پۈتۈنلەي ئۆزىگە مەپتۇن قىلغانىدى. ئۇ بىر كۈنى دادىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن ئوغۇرلۇقچە قەغەزلەرنى ئېلىپ چىقىپ، تاش ئۈستىدە ئەتراپىتىكى مەنزىرىلەرنى خالىغانچە سىزىشقا باشلىدى. بۇ ئىشنى ئۇدا نەچچە كۈن داۋاملاشتۇردى، ھەتتا ھاۋا ناچار كۈنلەردىمۇ توختىماي قويمىدى.

ھېچقانداق ئوقۇتقۇچىسى بولمىغان شارائىت ئاستىدا، تەبىئەتنى ئۆزىنىڭ مۇئەللىمى دەپ قارىغان داۋىنچى رەسىملەرنى ئەينەن، جانلىق سىزىپ چىقىش ئۈچۈن ھەربىر شەيئىگە ھاياتى كۈچ ئاتا قىلىۋاتقان ئىنچىكە تەپسىلاتلارنى كۆزىتىشنىڭ مۇھىملىقىنى ھېس قىلدى. بىر قېتىم ئاق ئىرىس گۈلىنى سىزىۋېتىپ، ئۇنىڭ شەكلىدىن ھەيران قالدى، ئاق ئىرىس گۈلى ئۇرۇقتىن باشلاپ ھەرخىل باسقۇچلارنى بېسىپ

ئۆتۈپ، ئەڭ ئاخىرىدا ھېچقانداق بىر گۈلگە ئوخشىمايدىغان بىردىنبىر گۈلگە ئايلىنىشتا زادى قانداق بىر كۈچ بار؟ لىئوناردو بۇ گۈلنىڭ بارلىق ئۆزگىرىش جەريانىنى نەچچە ئاي سەرىپ قىلىپ سىزىپ چىققان ئىدى.

14 ياشقا كىرگەندە، داۋىنچى ئۆزىنىڭ پەۋقۇلاددە رەسىم تالانتى ئارقىلىق ئەينى دەۋىردىكى مەشھۇر سەنئەتكار ۋىروچچونىڭ ئىشخانىسىدا شاگىرت بولۇپ ئىشلىدى. بىر قېتىم ئۇنىڭغا ۋىروچچو تەرىپىدىن لاھىيەلەنگەن بىر پەرىشتىنىڭ رەسىمىنى سىزىش ۋەزىپىسى بېرىلگەندە، بۇ رەسىمنى ئۆزىنىڭ ئۇسلۇبىدا سىزىپ چىقماقچى بولدى. رەسىمدىكى گۈلنى سىزىش ئۈچۈن بالىلىق دەۋرىدىكى ھېلىقى ئاق ئىرىس گۈلنى ئەسلىدى. پەرىشتىنىڭ چىرايىدىكى ھىسسىياتنى سىزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇ دا نەچچە كۈن ئۆزىنى ئۇنتىغان ھالدا دۇئا ـ تىلاۋەت قىلىۋاتقان بىر ياشنىڭ چىرايىنى كۆزەتتى. پەرىشتىنىڭ قانىتىنى قانداق سىزىش كېرەك؟

ئۇ بازاردىن بىر نەچچە قۇش سېتىۋېلىپ، ئۇلارنى ئىنچىكىلىك بىلەن كۆزىتىش ئارقىلىق قاناتنىڭ قانداق قىلىپ بەدەن بىلەن بىرلىشىدىغانلىقى توغرىسىدا تەتقىقات ئېلىپ باردى. ئاخىرى، قاناتنى پەرىشتىنىڭ دولىغا ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق تەبىئىي ئۆسكەن تۇيغۇنى شەكىللەندۈردى. شۇنداق قىلىپ، داۋىنچى تارىختا تۇنجى بولۇپ رېئاللىققا ئەڭ يېقىنلىشىدىغان پەرىشتە قانىتىنى سىزىپ چىققان رەسسام بولۇپ قالدى. رەسىم مۇۋەپپەقىيەتلىك سىزىلىپ بولغاندىن

كېيىن، ئۇ ئەمدى قۇشلارغا ھەيران قالدى. ئەگەر قۇشلارنىڭ ئۇچالىشىنىڭ سىرى تېپىلسا، ئادەملەرمۇ ئۇچالىشى مۇمكىن دېگەنلەرنى خىيال قىلدى.

1481 ـ يىلى بولسا داۋىنچى ھاياتىنىڭ تولىمۇ ناچار ۋاقتى ھېسابلىنىدۇ. ئىتالىيە پوپى ئۆزى ياساتقۇزغان چىركاۋنى بېزەش ئۈچۈن ئاقسۆڭەك لورېنزودىن فىلورېنسادىكى ئەڭ ياخشى سەنئەتكارلارنى ئەۋەتىشنى تەلەپ قىلدى. كىلاسسىك سەنئەتكار ھېسابلىنىدىغان لورېنزو قەدىمكى تارىخقا قىلىچە قىزىقمايدىغان داۋىنچىنى ياقتۇرمىغانلىقى تۈپەيلى، فىلورېنساغا بارىدىغان سەنئەتكارلار تىزىملىكىدىن ئۇنى چىقىرىۋەتتى. داۋىنچىنىڭ ئەڭ ئاچچىقى كەلگىنى بولسا فىلورېنساغا بارالمىغانلىقى بولماستىن، بەلكى پادىشاھ جەمەتىدىن ئارتىسلارغا بېرىلىدىغان شىرىنكانە ۋە سەدىقىلەرگە تايىنىپ ھايات كەچۈرۈش ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ فىلورېنسادىن مىلان شەھىرىگە كېلىپ ئولتۇراقلاشتى. تۇرمۇشنى قامداش ئۈچۈن نوقۇل رەسساملىققا تايىنىپ قالماستىن، ئۇ يەنە ئارخىتېكتورلۇق، ئىنژېنېرلىق، ئاناتومىيە، سۇ ئىلمى ۋە ھەيكەلتىراشلىق قاتارلىق كەسپلەرنىمۇ ئۆگەندى. ئۇنى ئىشلىتىشنى خالايدىغان ھەرقانداق خېرىدار ۋە خوجايىن ئۈچۈن ئەستايىدىللىق بىلەن ئىشلەپ بەردى. ئەلۋەتتە كىرىمىمۇ كۆرۈنەرلىك ئۆستى.

ھاياتىنى مۇشۇ خىل ئۇسۇلدا ئانالىز قىلىش جەريانىدا، داۋىنچى ئۆزىنىڭ ئىچىدىكى مەۋجۇد بولۇپ تۇرغان بىر خىل يوشۇرۇن كۈچكە دىققەت قىلدى. دەل مۇشۇ يوشۇرۇن كۈچ

ئۇنى باللىق دەۋرىدە ياۋايى مەنزىرىلەرگە باشلاپ بىرىپ، ھاياتنىڭ رەڭدارلىقى بىلەن ئۇچراشتۇرغان. مۇشۇ يوشۇرۇن كۈچ ئۇنى دادىسىنىڭ ئىشخانىسىدىن قەغەزلەرنى ئوغۇرلاتقۇزۇپ، رەسساملىققا ئىنتىرگەن، شۇنداقلا فىلورىنسادىن ئۇنى مىلانغا ئاپىرىپ، ئارتىسلاردا كۆپ ئۇچرايدىغان مەنمەنچىلىكتىن ئايرىپ تاشلىغان. مۇشۇ يوشۇرۇن كۈچتىن پەيدا بولغان ئىشتىياقنىڭ كۈچىدە ھاياتنىڭ مەنبەسىنى ئىزدەش ئۈچۈن ئۇ نەچچە يۈزلىگەن جەسەتلەرنى يىرىپ كۆرۈشكە جۈرئەت قىلغان. چۈنكى تاغىسى ئۇنىڭغا، شەيئىيلەرنىڭ تاشقى كۆرىنىشىنى تېخىمۇ ھەقىقىي سىزىش ئۈچۈن ئۇنىڭ ئىچكى قىسمىنىمۇ بىلىشىڭ كىرەك، دېگەنىدى.

مۇشۇنداق ئويلىغاندا، ئۇنىڭ ھاياتىدا ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمايدىغان بىرمۇ ئىش تېپىلمىدى، ھەتتا ئۇنىڭ نىكاھسىز تۇغۇلۇپ قېلىشىمۇ ئۇنىڭ بەختسىزلىكى بولماستىن بەلكى ھېكمەتكە تولغان بەخت ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتتى. ئەگەر ئۇ بۇ كۈچكە قارشى چىققان، قەلبىنى تىڭشاشنى رەت قىلغان، كۆڭلىنى قاخشاش ۋە ۋايساش بىلەن ئۆتكۈزگەن، ئەينى ۋاقىتتا باشقا ئارتىسلار بىلەن فىلورىنساغا بىرىپ پوپقا ياخشىچاق بولغان، رەسىم سىزىشنى جان بېقىشنىڭ بىر ئۇسۇلىغا ئايلاندۇرىۋالغان، ئىشلارنى ئامال بار تېز، قولىنىڭ ئۇچىدىلا تۈگەتكەن بولسا ئۇنىڭ تەقدىرى قانداق بولاتتى؟ بەلكىم ئۇ يەنىلا ياخشى تۇرمۇش كەچۈرۈشى مۇمكىن ئىدى، بىراق ھەرگىزمۇ رىئونارد داۋىنچى بولالمايتتى. بۇ يوشۇرۇن كۈچ خۇددى ئاق ئېرىس

گۈلنىڭ ئىچىدىكى كىچىككە ئوخشاش ئۇنىڭ پورەكلەپ ئېچىلىشىغا يېتەكچىلىك قىلغان ئىدى. ئۇنىڭ ئۆلىدىغان ۋاقتى يېتىپ كەلدى، مۇشۇ پەيتتە ئۇنىڭ يادىغا قەلبىنىڭ كۆندىلىك خاتىرىلىرىگە يېزىپ قويغان مۇنۇ قۇرلار كەلدى:

مول ھوسۇللۇق بىر كۈن سېنى ياخشى ئۇيقۇغا باشلىغاندەك تولۇق ياشالغان بىر ھايات سېنى ياخشى ئۆلۈمگە باشلايدۇ.

—— لىئوناردو داۋىنچى

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاڭلا ئەلى، كىشىلەر ئۆتمۈشنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، دەپ قارايدۇ. بۇ تۈپتىن خاتا. ئۆتمۈشنى تامامەن ئۆزگەرتكىلى بولىدۇ. ئۇنى ئۆزگەرتىشنىڭ ئاچقۇچى بولسا، ھازىرىڭنى ياخشىلاشتۇر. ئازاب ئىچىدە ياشاۋاتقان بىر ئادەم ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى ھەرقانداق بىر ئىش بەختسىزلىكنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ. خوشال ياشاۋاتقان بىر ئادەم ئۇچۇن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۆتمۈشتىكى ئوخشاش بىر ئىش بەختنىڭ سەۋەبى بولالايدۇ. ئەينى ۋاقىتتا تىزىملىكتىن چۈشۈپ قالغان داۋىنچى ئۇنى تىزىملىكتىن چۈشۈرگەن كىشىگە غەزەپلەنگەن بولسا، كېيىنكى ھاياتىدا مەشھۇر رەسسام بولغان داۋىنچى ئۇ كىشىگە رەھمەت ئېيتتى.

سەنمۇ ھاياتىڭدا ئۆچ بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەرگە ھامان رەھمەت ئېيتىسەن. قاراڭغۇ ئورماندا قانداق ئېزىپ قالغىنىڭنى، كىملەرنىڭ سېنى ئېزىقتۇرغىنىنى ئويلاۋەرگەندىن

بۇيەردىن چىقىپ كېتىشنىڭ يولىنى ئىزدىگىنىڭ تېخىمۇ ئەۋزەل ئەمەسمۇ؟!

*بىر كۈنى بىر ئەسكەر دۈشمەنلەردىن قېچىپ، تاغ باغرىدىكى بىر ئۆڭكۈرگە مۆكۈنۋاپتۇ. تۇيۇقسىز ئۆڭنىڭ قولىنى بىر ئۆمۈچۈك چېقىۋاپتۇ. ئاغرىق ئازابىغا چىدىمىغان ئەسكەر بۇ ئۆمۈچۈكنى مىجىپ ئۆلتۈرۈۋېتىشنى ئويلاپتۇ-يۇ، يەنىلا رەھىم قىلىپ قويۇۋېتىپتۇ.*

*ئويلىمىغان يەردىن بۇ ئۆمۈچۈك ئۆڭكۈر ئېغىزىغا يېڭىدىن تور توقۇشقا باشلاپتۇ. ھېلىقى ئەسكەرنى قوغلاپ كەلگەن دۈشمەن ئەسكەرلىرى ئۆڭكۈر ئېغىزىدىكى تورنى كۆرۈپ چوقۇم ئادەم يوق دەپ يەرەز قىلىپ كېتىپ قاپتۇ.*

ھاياتىمدا ماڭا زىيانكەشلىك قىلدى دەپ ئويلىغان كىشىلەر ئەمەلىيەتتە ساڭا ئەڭ چوڭ ياردەم قىلغان كىشىلەر بولۇپ قالىدۇ. ئەپسۇس سەن بۇنى چۈشەنمەيسەن، يەنىلا چۈشەنمەيسەن...

## ئۈچ خىل ئادەم

مەن ئادەملەرنى ماددىنىڭ ئۈچ خىل فىزىكىلىق ھالىتىگە ئوخشىتىمەن. يەنى قاتتىق، سۇيۇقلۇق ۋە گاز.

بىر پارچە مۇزدا سۇ مولېكۇلالىرىنى بىر ـ بىرىگە ئۇيۇشتۇرۇپ تۇرىدىغان نۇرغۇن ئېنېرگىيە بولىدۇ. ئەمما بۇ ئېنېرگىيەلەر مۇزنىڭ ئىچىگە سولىنىپ قالىدۇ. مۇز ئېرىگەندە بولسا، سولىنىپ قالغان ئېنېرگىيەلەر قويۇپ بېرىلىدۇ. سۇ گازغا ئايلانسا، تېخىمۇ غايەت زور ئېنېرگىيە شەكىللىنىدۇ. گاز مولېكۇلالىرى يوقلۇق(كۋانىت زەررىچىسى) قا ئىنتىلسە، ئۇنىڭدىكى كۈچنى ئىنسان مەڭگۈ تەسەۋۋۇر قىلالمايدۇ. تەسەۋۋۇر قىلغاندا بولسا مۆجىزە يۈز بېرىدۇ.

قاتتىق ھالەتتىكى كىشىلەر ھورۇن كېلىدۇ. ئۇلار قاراڭغۇلۇق ۋە بىلىمسىزلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئىچىدىكى ئېنېرگىيە تېشىغا قويۇپ بېرىلمىگەنلىك تۈپەيلى ئاخىرىدا ئۆزىنى ۋەيران قىلىدۇ. ئۇلار دۇنيانىڭ مەلۇم كىچىك قىسمىنى پۈتۈنلۈك دەپ قارايدۇ. ھەرىكەت قىلماسلىق ئىنتايىن خەتەرلىك. چۈنكى ھەرىكەتسىزلىك بولسا ئالەمنىڭ شۇنداقلا روھنىڭ قانۇنىيىتىگە خىلاپ. بىز ھەرىكەتنىڭ ئىچىدە تەرەققىي قىلىمىز ۋە ئارام ئالىمىز. ھەرىكەتسىزلىك ئوغۇرلۇققا باراۋەر. ھورۇن كىشىنى دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئوغرى دېيىشكە تامامەن بولىدۇ. چۈنكى ئۇلار دۇنيادىكى بارلىق ئىنسانلارنىڭ

روھىدىن تەركىب تاپقان غايەت زور چىشلىق چاقنىڭ ئۈستىدىكى بىر تال كىرەكسىز تاشقا ئوخشاش، ئىنسانىيەت تەرەققىياتىنى ئارقىغا سۈرۈۋېتىدۇ. تۇرغۇن روھىي كېسەللەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى ۋە باشلىنىشى ھورۇنلۇقتۇر. ھەرىكەتسىز ئادەم ئۇيقۇدىن ۋە كەيپتىن ئارام تاپىدۇ. ياق، ھۇشسىز ياتىدۇ. ئۇلارنىڭ بەدىنى روھ ئۈچۈن بىر ئېغىر يۈك ھېسابلىنىدۇ. ئۇلاردىن ياخشىلىق كەلمەيدۇ، ھەتتا تۈزۈك ئەسكىلىكمۇ كەلمەيدۇ. شۇڭا ئۇلار ئەسكىدىنمۇ ئەسكىدۇر.

ئىككىنچى خىل ئادەملەر سۈيۈقلۇق ھالەتتە بولۇپ، مەلۇم دەرىجىدە ھەرىكەتكە ئىگە. بىراق ئۇلارنىڭ ھەرىكىتى خۇددى كونتروللىقنى يوقاتقان دەرياغا ئوخشايدۇ. مەلۇم دەرىجىدە بايلىق ۋە نەتىجىگە ئېرىشسىمۇ يەنە بىر نەرسە كەمدەك ھېس قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ بارلىق تىرىشچانلىقى، ھەرىكىتى ۋە گەپ-سۆزلىرى ئىگو (ھەربىر ئادەمنىڭ كاللىسىدىكى «مەن» ۋە ياكى قەدىمكىلەرنىڭ تىلى بويىچە شەيتان)نى ساقلاپ قېلىش، كۈچەيتىش ۋە بېقىش ئۈچۈن بولىدۇ. نەتىجىدە، ۋاقىتلىق خۇشاللىق تاپقاندەك تۇرسىمۇ، قەلبىدە يەنىلا ئاچارچىلىق شەكىللىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار ئۆزىدىنمۇ باي، تەلەيلىك ۋە كۈچلۈكلەرنى كۆرگەندە، ئىنتايىن بىئاراملىق ھېس قىلىدۇ ۋە ساراسىمىگە چۈشىدۇ. ھەسەت، ئۆچمەنلىك، تەشۋىش، قورقۇش ۋە مەنىسىزلىك قاتارلىق پاسسىپ كەيپىياتلارنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشاپ، كۆڭلى ئېنىرگىيە مەيدانىدا ئۆزى ۋە باشقىلار ئۈچۈن

توختىماستىن پاسسىپ ئېنېرگىيە تارقىتىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ ئېنېرگىيە ئۆز نۆۋىتىدە پاسسىپ رېئاللىقنى شەكىللەندۈرىدۇ.

شەخسىيەتچىلىك ئۇلارنىڭ ۋۇجۇدىنى چىرماپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئۆزى بىلەن ئىنسانىيەتنى باغلىيالمايدۇ. ئۆز مەۋجۇتلىقنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن، ھەرخىل سالاھىيەتلەر كىرىزىسىغا پېتىپ، ئۆزى ۋە باشقىلار ئوتتۇرىسىدا ئايرىپ تۇرىدىغان چېگرا پەيدا قىلىدۇ. تېخىمۇ ئېچىنارلىقى، «مېنىڭ توغرا، سېنىڭ خاتا» كېسىلىگە گىرىپتار بولىدۇ. بۇ خىل كېسەل ئۇلارنىڭ دوستلىرىنى ئازايتىپ، دۈشمەنلىرىنى كۆپەيتىدۇ. ئەڭ ئېچىنارلىقى ئۆزى بىلەنمۇ ئەپ ئۆتەلمەيدۇ.

مەلۇم نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئۇلار ئۆزىنىڭ زادى نېمىگە مۇھتاج ئىكەنلىكىنى ۋە نېمىنى ئىزدەۋاتقانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئەمما نېمىدىن قېچىۋاتقانلىقى ئېنىق. ئۇلارنىڭ قېچىۋاتقىنى بولسا، دەل ئۇلارنىڭ «ھازىر»ى دۇر. ئۇلارنىڭ روھى بىر بولسا ئۆتمۈشتىكى «سەۋەبلەر» دۇنياسىدا، بىر بولسا كەلگۈسىدىكى «ياخشى» دۇنيادا. خۇددى ئۆي ئېگىسى بىر نەچچە ھەپتە سىرتتا يۈرگەندە، ئۆينى چاڭ-توزان باسقاندەك، روھ «ھازىر»غا قايتىپ كەلمىسە بەدەننى كېسەللىك چىرمايدۇ. بۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئورتاق ئالاھىدىلىكى، ئۆزىنىڭ ھازىرقى ھالىتىدىن مەڭگۈ رازى بولمايدۇ. نەتىجىدە پۇلى يوقلىرى چۈشكۈنلىشىدۇ، پۇلى بارلىرى تەشۋىشلىنىدۇ.

ئۇلارنىڭ ئىزدەيدىغىنى باشقىلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش بولغانلىقى ئۈچۈن باشقىلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە، قوللىشىغا

ھەددىدىن زىيادە تايىنىپ قالىدۇ، ھەتتا جىنايەت ئۆتكۈزۈشتىنمۇ يانمايدۇ. ماددىي جەھەتتىن ئېھتىياجى قانغان تەقدىردىمۇ، ئىچكى دۇنياسىدا بىر خىل قورقۇنچ ۋە قۇرغاقچىلىقنى ھېس قىلىدۇ. بۇ خىل ئىچكى بىئارامچىلىق كەيپ، جىنسىيەت، ھەتتا دىنىي ئەسەبىيلىك ئارقىلىق ۋاقىتلىق ناركوزلاپ تۇرىدۇ.

*بۇرۇن بىر ئۇستازنىڭ بىر شاگىرتى بولۇپ، بىر كۈنى كەچ تاماق ئېلىپ يېيىش ئۈچۈن شاگىرتىنى ئوت تېپىپ كېلىشكە بۇيرۇپتۇ. شاگىرت قولىدا شام كۆتۈرگىنىچە شامنىڭ يورۇقىدا سىرتتىن ئوت ئىزدەش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپتۇ.*

خۇددى يۇقارقى شاگىرت ئوتنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن قولىدا شامدىن ئىبارەت ئوتنى كۆتۈرىۋېلىپ، سىرتتىن ئوت ئىزدىگەندەك، سۈيۈقلۇق ھالەتتىكى كىشىلەر ھاياتنىڭ ئەسلى مەنىسىنىڭ ئۆزىنى تونۇپ يېتىش، ئىكەنلىكىنى بىلمىگەنلىكتىن، ئۇيقۇدىكى يولۇچىغا ئوخشاش چۈشىدە سۇ ئىچىدۇ-يۇ، مەڭگۈ ئۇسسۇزلۇقتا قانمايدۇ.

ئۈچىنچى خىل كىشىلەر، يەنى گاز ھالەتتىكى كىشىلەرنىڭ سانى ئاز بولۇپ، ئۇلار تولۇق ئېنېرگىيەدە، توغرا يۆنىلىشتە ۋە كونتروللۇقتا ياشايدۇ. ئوي-خىياللارنىڭ جەڭگاھى بولغان مېڭە «ئىگو»نىڭ ئىسكەنجىسىدىن خالىي تۇرىدۇ. مېڭىسىدە يۈز بېرىۋاتقان تۇرلۇك ئوي-خىياللارنىڭ ئۇلارغا ۋەكىللىك قىلالماستىن بەلكى «ئىگو»نىڭ ئويۇنى ئىكەنلىكىنى ئېنىق ھېس قىلىپ تۇرىدۇ.

ئۆزىدە يۈز بەرگەن بىئارامچىلىقلارغا ئاپتوماتىك ئىنكاس بىلدۈرۈشىنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ سەۋەبىنى ئىزدەيدۇ، سەۋەبىنى تاپقانىدا بولسا، ئۆزىنى كونترول قىلىشنى ئۆگىنىدۇ. بىئارامچىلىقلارنى تېزلىكتە ئوڭشاش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ئاپتوماتىك ئوڭشاشلارنىڭ ئەمەلىيەتتە «ئىگو»نىڭ مەززىلىك تامىقى ئىكەنلىكىنى ئۇلار ئېنىق بىلىدۇ. بىلگەن ھامان ئوي-خىياللارغا «قاتناشقۇچى»دىن ئوي-خىياللارنى «كۆزەتكۈچى»گە ئايلىنىدۇ. بىئاراملىق «ئىگو»نى كىچىكلىتىدۇ. خۇددى رېزىنكە توپنى باسقان ھامان ئەسلىگە كېلىش ئۈچۈن كېڭەيگەندەك، «ئىگو» كىچىكلىگەن ھامان ئەسلىگە قايتىش ئۈچۈن، ھەرخىل پاسسىپ ئىنكاسلاردا بولىدۇ. بۇ خىل پاسسىپ ئىنكاسلار ئۆزىنى ئاقلاش، باھانە ئىزدەش، باشقىلارنى خاتاغا چىقىرىش، ئاچچىقلاش، تىللاش ھەتتا زوراۋانلىق قىلىش قاتارلىق ئالامەتلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

ئىگو مەۋجۇد بولالماي قېلىشتىن ئىنتايىن ئەنسىرەيدۇ. ئىنكاس قايتۇرماي، سەۋر ئارقىلىق بىئاراملىققا ئازراق بەرداشلىق بەرگەندە، «ئىگو» بىر قېتىم كىچىكلەيدۇ. كىچىكلىگەندە بولسا، «ئويلاۋاتقان يالغان مەن» بىلەن «ئۇنى كۆزىتىۋاتقان ھەقىقىي مەن» ئوتتۇرىسىدا بوشلۇق شەكىللىنىدۇ. بۇ بوشلۇققا غايەت زور ئېنېرگىيەگە ئىگە شەرتسىز مۇھەببەت(قەدىمكىلەر تەڭرى دەپ ئاتىغان كۈچ) سىڭىپ كىرىدۇ. دەل شۇ پەيتتە، ئادەم روھىيىتىدە ياكى قەلبىدە ئۆزىمۇ تەسۋىرلەپ بېرەلمەيدىغان ئىللىقلىق پەيدا

بولىدۇ، بۇ خىل ئىللىقلىق مىننەتدارلىق، سۆيۈنۈش، مېھرىبانلىق، خۇشاللىق ۋە خاتىرجەملىك قاتارلىق ئاكتىپ روھىي كەيپىياتلىرىنى پەيدا قىلىدۇ. بۇ خىل روھىي كەيپىياتلار كۆڭۈل مەيدانى(يوقلۇق)دا ئۆزگىچە ۋە باشقىلارغا پايدىلىق بولغان رېئاللىقنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئېسىمىزدە بولىشى كېرەككى، ئەمەلىيەتتە كىشىلەر كۆرۈۋاتقان رېئاللىق بولسا، يوقلۇقنىڭ بار ھالەتكە ئۆتۈشىدۇر.

مۇئەللىم كەلدى.....

*ئەنگلىيەدە فرانسىيەلىككە قارشى كەيپىيات يۇقىرى كۆتۈرۈلگەن پەيتتە، فرانسىيە پۇشتىدىن بولغان ۋولتايىر[①] لوندوندا تۇرىۋاتاتتى. بىر كۈنى، كوچىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئۇنى كۆرگەن بىر توپ كىشىلەر، بۇ فرانسىيەلىكنى دارغا ئاسايلى! دەپ ۋارقىراشتى. ۋولتايىر ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا ئۇلارغا مۇنداق دېدى:*

*- ھەي ئەنگلىيە خەلقى، مەن فرانسىيەلىك بولغانلىقىم ئۈچۈن ئۆلتۈرمەكچى بولىۋاتىسىلەر، ئەجەبا، مېنىڭ ئەنگلىيەلىك بولالماي قېلىشىمنىڭ ئۆزىلا تەڭرىنىڭ ماڭا بەرگەن ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر جازاسى ئەمەسمۇ؟*

*بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئىنتايىن مەمنۇن بولغان ئەنگلىيەلىكلەر ئۇنى ساق - سالامەت ئۆيىگە ئاپىرىپ قويىدى.*

ئاڭلا ئەلى، ئىنسان خارەكتىرىدىكى ئەجەللىك ئاجىزلىق، دەل تەكەببۇرلۇقتۇر. ئادەم تۇغما ئۆزىنى تۆۋەن كۆرىدىغان

---

① ۋولتايىر - 18 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن فرانسىيىلىك پەيلاسوپ ۋە شائىر.

مەخلۇق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزىنى يۇقىرى ھېس قىلىش ۋە كۆرسىتىش ئۈچۈن توختىماي بەدەل تۆلەيدۇ. ئۇلارنى ئازراقلا ماختاپ قويساڭ، سەن ئۈچۈن تاغنىمۇ يۆتكەپ بېرىدۇ.

ئۆزىنى چوڭ كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلارنى كىچىكلىتىشكە، ئۆزىنى يۇقىرى كۆرسىتىش ئۈچۈن باشقىلارنى تۆۋەنلىتىشكە تىرىشىدۇ. ھەممە يەردە بالىسىنى، ئېرىنى، ھەتتا سېتىۋالغان نەرسىسىنى ماختاپ يۈرگەن بۇ بىچارە ئايالغا قارا! ئۇ باشقىلارنىڭ «سىز ھەقىقەتەن قالتىسكەنسىز» دېگەن سۆزىگە زار بولۇپ، خۇددى يوقاتتى.

ئايالى ۋە بالىلىرىغا زوراۋانلىق ۋە تىل - ھاقارەت قىلىۋاتقان ئۇ بىچارە ئەرگە قارا! سىرتقى دۇنيادا كۈچىنى يوقاتقان ئۇ ئەر ئۆيدە بولسىمۇ، ئۆزىنىڭ كۈچلۈك ئىكەنلىكىنى نامايەن قىلماقتا.

بىراق، بۇنىڭدىن ئۈمىدسىزلەنمە، مەيۇسلەنمە. چۈنكى بۇ ئۇلارنىڭ ئەسلى ماھىيىتى ئەمەس، ئېگونىڭ ئويۇنى خالاس. خۇددى بازاردىكى تۈرلۈك - تۈمەن ئىسىم ۋە رەڭلەردە كەلگەن ئىچىملىكلەرنىڭ ئەسلى ماھىيىتى سۇ بولغىنىدەك، ھەر خىل قىياپەتتە ۋە نىقابلاردا رول ئويناۋاتقان بۇ كىشىلەرنىڭ ماھىيىتىمۇ ئوخشاشلا سۇدەك پاك، رەڭسىز، پۇراقسىز ۋە شەكىلسىز مۇھەببەتتۇر.

ئۇلارغا يەنىلا ئۈمۈد بىلەن قارا. ئۇلار ھامان سىنىڭ سۆزۈڭگە قۇلاق سالىدۇ. ئۇلار قىيداۋاتقان بالىغا ئوخشايدۇ. ئۇلار سىنىڭ چۈشىنىشىڭگە، ئەڭ مۇھىمى، ئىشىنىشىڭگە

مۇھتاج. ئەگەر سەن ئۇلارغا قىيدىساڭ، ۋاز كەچسەڭ بۇ تولىمۇ ئەپسۇسلىنارلىق ئىش بولىدۇ.

## كونا ئورۇندۇق ياكى گىگانت شىر

بىر كۈنى، ۋانگوخ[1] بىر ئورۇندۇقنى ئۇچرىتىپ قالغان. ھەممە «بۇ پەقەت بىر كونا ئورۇندۇقكەنغۇ» دەپ كېتىپ قالماستىن، بەلكى ئورۇندۇققا ئۇزۇندىن - ئۇزۇن قارىغاندىن كېيىن، قولىغا رەسىم چوتكىسىنى ئېلىپ ئۇنى سىزىپ چىققان. بىر نەچچە دوللارغا سېتىۋالغىلى بولىدىغان بۇ ئورۇندۇق ۋانگوخنىڭ قولى ئارقىلىق 25مىليون دوللارغا يارايدىغان كاتتا ئەسەرگە ئايلانغان. ۋانگوخ ئۆزى كۆرگەن بۇ ئورۇندۇقتىكى بىر خىل مەۋجۇدلۇقنى ئۇنىڭغا ھېچقانداق ئىسىم قويماي ۋە ياكى ھۆكۈم قىلماي تۇرۇپ تونۇپ يەتكەن.

بىز دائىم ئۆزىمىزگە «مەن بىر كونا ئورۇندۇق» دەپ ئىسىم قويۇۋالىمىز، نەتىجىدە، مەڭگۈ كونا ئورۇندۇق بولۇشقا تىرىشىمىز. ھەر قېتىم «مەن» دېگەن سۆزنى قىلغان ۋاقتىمىزدا، ئاللىبۇرۇن ساختا «مەن» دىن بىرنى يارىتىپ چىقىمىز. ھەر قېتىم «مەن» دېگەن ۋاقتىمىزدا دەل «مەن ئەمەس» قىسمىمىزغا قارايمىز. بۇ ساختا «مەن» بىزنىڭ جىنسىمىز، ئائىلە كېلىپ چىقىشىمىز، بەدىنىمىز، مىللىتىمىز، ئىرقىمىز، كەسپىمىز، مال - مۈلكىمىز ۋە دىنىمىزنى ئۆز ئىچىگە

[1] ۋانگوخ - ئىتالىيە ئەدەبىيات - سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئاتاقلىق رەسسام.

ئالىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا بىز ئۆتەيدىغان ھەرخىل روللار (يەنى ئانا، دادا، دوختۇر، ئىنژىنىر...). شۇنداقلا ئۆتمۇشىمىزدىكى ئەسلىمىلىرىمىز بۇ ساختا «مەن»نى تەشكىل قىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز دائىم دەيدىغان «مەن» پەقەت ۋە پەقەت ئۆزىمىز توقۇۋالغان ھېكايە خالاس. بىز مانا مۇشۇ ھېكايە ئىچىگە غەرق بولۇپ ۋە ئىشەنگەن ھالدا، «مەن»نىڭ ئىسكەنجىسىدىن قۇتۇلالماي ياشايمىز.

كۋانت فىزىكا ئالىملىرى «جىسىملارنىڭ شەكلى كۆزەتكۈچىنىڭ ئۇنىڭغا قانداق قارىشى تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ» دەپ قارايدۇ. ئوبيېكتىپ دۇنيا (تاشقي رېئاللىق) ھەرگىزمۇ سۇبيېكتىپ كۆزەتكۈچى(ئادەم) دىن ئايرىلىپ مەۋجۇد بولۇپ تۇرالمايدۇ. ھەممىدە ئۇزلۇكسىز كۆزەتكۈچىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ تۇرىدۇ. ھەرقانداق بىر ئوي - پىكىر شالاڭ، ئاجىز ئېنېرگىيەگە ئوخشايدۇ. بۇ ئوي - پىكىرلەر ئاڭسىز ۋە ئاڭلىق ھالدا تەكرارلىنىش ئارقىسىدا بەلگىلىك زىچلىققا ئىگە بولىدۇ. ئادەم دەل ئۆزىنىڭ ئاڭسىز ئوي - خىياللىرىنىڭ فىزىكىلىق ئىپادىلىنىشى خالاس. ئاددىي قىلىپ ئېيتساق، رېئاللىق(كىشلەرنىڭ كاللىسىدىكى تەقدىر) كەيپىيات تەرىپىدىن، كەيپىيات ئوي - خىياللار تەرىپىدىن، ئوي - خىياللار كىملىك تەرىپىدىن شەكىللىنىدۇ.

شۇنى ئەستە ساقلىشىمىز كېرەككى، كېسەللىك بولسا مېڭىدىكى تەكرار ئوي - خىياللارنىڭ نەتىجىسىدۇر. ھەرقانداق ئوي - خىياللارنىڭ يارلاندۇرۇش ۋە داۋالاش خۇسۇسىيتى بار، ئاددىي قىلىپ ئېيتسام، ئېغىر كېسەلگە

گىرىپتار بولۇپ قالغان بىر كىشى تېخى دۇنياغا قوشىدىغان تۆھپىسى بارلىقىغا چەكسىز ئىشەنسە، سالامەتلىكى تېزلا ئەسلىگە كېلىشكە باشلايدۇ، ئەكسىچە ھاياتىم ئەرزىمەس دەپ ئويلىسا ئۆلۈمگە قاراپ ماڭىدۇ.

بەزى كىشىلەرنىڭ كېسەللىكتىن قۇتۇلمىقى ئىنتايىن قىيىن بولۇپ، كېسەللىككە خۇمار بولۇپ قالىدۇ. «مەن كېسەل» دېگەن ئۇقۇمنى ئاللىبۇرۇن ئۆزىنىڭ سالاھىيىتىگە، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا كىملىكىگە كىرگۈزىۋالغانلىقى ئۈچۈن، قىش پەسلى بىلەن قار دېگەن ئۇقۇم بىللە كەلگەندەك، «مەن» بىلەن «كېسەل» دېگەن ئۇقۇم ئىستىخىلىق باغلىنىش ياساپ چىقىدۇ. قىش پەسلىنى «قار»سىز تەسەۋۋۇر قىلىش قىيىن بولغانغا ئوخشاش ئۇ خىل كىشىلەرنىڭ ئۆزىنى كېسەلسىز تەسەۋۋۇر قىلمىقى تەسكە توختايدۇ. باشقىچە قىلىپ ئېيتقاندا، كېسەلدىن قۇتۇلۇش كاللىسىدىكى «مەن»نىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن دېرەك بەرگەچكە، «مەن»نى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، كېسەللىكنىمۇ ساقلاپ قالىدۇ.

مۇئەللىم كەلدى ...

*بىر كۈنى بىر چېشى شىر تاغ چوققىسىدا تۇغۇپ بولۇپلا ئۆلۈپ قاپتۇ. دۇنياغا يېڭىدىن كۆز ئاچقان شىر بالىسى تاغدىن دومىلاپ چۈشۈپ تاغ باغرىدا ئوتلاپ يۈرگەن بىر توپ قوزىلارنىڭ ئارىسىغا كىرىپ قاپتۇ. كۆزىنى ئېچىپ تۇنجى كۆرگەن نەرسىلەر قوي بولغانلىقى ئۈچۈن شىر بالىسى ئۆزىنى قوي دەپ ھۆكۈم قىپتۇ ۋە ئىشىنىپتۇ. نەتىجىدە، قويلارغا ئوخشاش مەرەپ ۋە ئوتلاپ كۈن ئۆتكۈزۈپتۇ.*

*ئايلار ئۆتتۈپ، يىللار ئۆتتۈپ، مەلۇم بىر كۈنى ئۇ ئۇۋلاش ئۈچۈن كەڭرى دالىغا چىققان بىر ياۋايى شىر بىر توپ قويلارنىڭ ئارىسىدا ھىلىقى ياش شىرنىڭ مەرەپ ۋە ئوتلاپ يۈرگىنىنى كۆرۈپ كۆزىگە ئىشەنمەي قاپتۇ. ھەمدە ئىتتىلىپ بېرىپ بۇ ياش شىرنى تۇتۇۋاپتۇ. قورققىنىدىن قانداق قىلارىنى بىلەلمىگەن بۇ ياش شىر ياۋايى شىردىن ئۆزىنى يېمەسلىكنى، بىر قوشۇق قېنىدىن كېچىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ، ئۆزىنى قوي دەپ ياشاپ كەلگىلى ئۇزۇن بولغان بۇ ياش شىرغا ئۇنىڭ قوي ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە ئوخشاش شىر ئىكەنلىكىنى قانداق چۈشەندۈرۈشنى ۋە ئىشەندۈرۈشنى بىلەلمىگەن بۇ ياۋا شىر ئۇنى بىر كۆل بويىغا ئاپىرىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا كۆلگە قاراشنى بۇيرۇپتۇ. كۆلدىكى ئۆزىنىڭ شولىسى بىلەن ئۇنى قورقۇتۇۋاتقان ياۋا شىرنىڭ چىرايىنىڭ ئوپمۇ-ئوخشاش ئىكەنلىكىنى كۆرگەن بۇ ياش شىر دەررۇ شىرلارغا خاس كۈچ ۋە ھەيۋىگە تولۇپتۇ.*

ئەلى، شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، سەن كىمگە ياكى نېمىگە ئايلىنىپ قالغان بولساڭ، مەن مۇشۇ شۇ دەپ ئويلايسەن ۋە ئىشىنىپ قالىسەن. ئەكسىچە سەن ئۆزۈڭنى كىم ياكى نېمە دەپ ئويلىساڭ ۋە ئىشەنسەڭ شۇنىڭغا ئايلىنىسەن. ھەر زامان ھەر ۋاقت ئېسىڭدە سەن ئويلاپ يېتەلمەيدىغان تەسەۋۋۇرۇڭدىن ھالقىغان بىر گىگانت شىرنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ ئۇنتۇپ قالما.

## سىرلىق ئوردا

بابىلون پادىشاھى دۆلىتىدىكى بارلىق ھۈنەرۋەن ۋە ياغاچچى ئۇستىلارنى يىغىپ، ھەرقانچە ئەقىللىق كىشىمۇ كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايدىغان، كىرگەن تەقدىردىمۇ ئېزىپ قالىدىغان، ئىنتايىن چوڭ بىر سىرلىق ئوردا سالدۇرۇپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرى، ئەرەبلەرنىڭ بىر پادىشاھى ئۇنىڭ ئوردىسىغا زىيارەتكە كەپتۇ. سىرلىق ئوردا ئارقىلىق ئۆزىنىڭ ھەيۋىتىنى نامايەن قىلىش ئۈچۈن، بابىلون پادىشاھى ئەرەب شاھىنى بۇ سىرلىق ئوردىغا تەكلىپ قىلىپتۇ. سىرلىق ئوردىغا كىرگەندىن كېيىن، قاتمۇ-قات توساق ۋە مۇرەككەپ يوللاردا ئېزىپ قالغان ئەرەب شاھى ئىنتايىن خورلۇق ھېس قىپتۇ. بىراق ئاخىرى چىقىش ئېغىزىنى تېپىپ قۇتۇلۇپ چىقىپ كېتىپتۇ. گەرچە ئىنتايىن ئاچچىقى كەلگەن بولسىمۇ، ئەرەب شاھى ئۆزىنى بېسىۋالغان ھالدا بابىلون پادىشاھىغا ئەرەب دۆلىتىدىمۇ مۇشۇنىڭغا ئوخشاش بىر سىرلىق ئوردىنىڭ بارلىقىنى، پۇرسەت بولغاندا ئۇنىڭغا كۆرسىتىپ قويىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ-دە، ئادەملىرىنى ئېلىپ دۆلىتىگە قايتىپ كېتىپتۇ.

*ئۇزاق ئۆتمەي، ئەرەب شاھى بابىلونغا قوشۇن تارتىپ ئۇلارنى گۇمران قىپتۇ. پادىشاھنى بولسا تۆگىگە باغلاپ ئۈچ كېچە-كۈندۈز سەپەر قىلغاندىن كېيىن چەكسىز كەتكەن بىر*

*قوملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا تاشلاپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ئەي، دۇنيانىڭ پادىشاھى، ئەينى چاغدا نۇرغۇن خاتا يوللاردىن، قورقۇنچلۇق ئىشىكلەردىن، ئەگرى-بۈگرى پەلەمپەيلەردىن ۋە چوڭقۇر ئازگاللاردىن تۈزۈلگەن مۇرەككەپ سىرلىق ئورداڭ بىلەن مېنى ئازدۇرماقچى بولغانىدىڭ. بىراق مەن يەنىلا چىقىپ كېتەلىگەن. سەن تۇرغان بۇ چەكسىز قوملۇق بولسا دەل مېنىڭ ساڭا كۆرسەتمەكچى بولغا سىرلىق ئوردام. بۇ يەردە سېنى ئازدۇرىدىغان يول، توساق، خاتا ئىشىك ۋە ئازگاللار يوق. قېنى مەن سېنىڭ بۇ سىرلىق ئوردىدىن قانداق چىقىپ كېتىدىغانلىقىڭنى كۆرۈپ باقاي.» دېگىنىچە كېتىپ قاپتۇ.*

*نەتىجىدە بابىلون شاھى ئۇزۇنغا بارماي ئۇسسۇزلۇق ۋە ئاچارچىلىقتىن جان ئۈزۈپتۇ.*

مۇئەللىم كەلدى.....

قارا ئەلى، نىشانسىز ھايات بولسا توغۇرلانمىغان سائەتكە ئوخشايدۇ، توغرا ماڭغاندەك كۆرۈنىدۇ، بىراق ئەزەلدىن توغرا ۋاقىتنى ئېيتىپ بېرەلمەيدۇ. ئادەمنىڭ نىشانى ئىككى خىل بولىدۇ. بىرى، ئىچكى نىشان، يەنە بىرسى تاشقى نىشان. ئىچكى نىشانىڭغا يەتكەندىن كېيىن تاشقى نىشانىڭ ئۆزىلا ئىشقا ئاشىدۇ.

دېڭىزغا ئاغزى ئېتىك قۇرۇق بوتۇلكىدىن بىرنى تاشلىغىنىڭدا، ئۇ غايەت زور دېڭىزدا لەيلەپ يۈرگەن بىر قۇرۇق بوتۇلكا خالاس. ئەگەر ئۇنىڭ ئاغزىنى ئېچىۋەتكىنىڭدە، سۇ تەبىئىيلا كىرىپ تولدۇرىدۇ، تولغاندا

بولسا ئۇ ئاللىبۇرۇن دېڭىزغا ئايلىنىپ بولغان بولىدۇ. ئىچكى نىشانىڭغا يېتىش مانا شۇنداق سېنى كۈچلەندۈرىۋېتىدۇ. ئۇ چاغدا ئىشلارنى سەن قىلمايسەن، ئالەم سەن ئارقىلىق قىلىدۇ. سەن يازمايسەن، ئالەم سەن ئارقىلىق يازىدۇ. خۇددى قايسىبىر شائىر ئېيتقاندەك:

ـ مەن بولسام نەينىڭ ئۇستىدىكى بىر تال تۆشۈك، تەڭرى پۈۋلەيدۇ، مەندىن ئاۋاز چىقىشقا باشلايدۇ. قېنى مۇزىكامنى ئاڭلا.

ئىچكى نىشانىڭغا يەتكەندە ئىشلاردىن خۇشاللىق ئىزدىمەيسەن، بەلكى ھەممە ئىشلارغا خۇشاللىق كىرگۈزىسەن، نېمىلا قىلساڭ تەلپىڭ كېلىدۇ. خۇددى قۇرۇق بوتۇلكا بوتۇلكا ھالىتىنى يوقاتقاندىلا دېڭىزغا ئايلىنالىغىنىدەك، كاللاڭدىكى «مەن»نى يوقاتقىنىڭدا سەنمۇ بىر غايەت زور كۈچكە ئايلىنىسەن.

ئىچكى نىشانغا يېتىشنىڭ بىرىنچى باسقۇچى ۋە شۇنداقلا ئەڭ ئاخىرقى باسقۇچى بولسا «ھازىر»دا ياشاشنى بىلىشتۇر. كىشىلەرنىڭ «ھازىر»دا ياشىيالماسلىقىدىكى سەۋەب بولسا ئۇلارنىڭ كاللىسىدىكى «مەن» ئۆتمۈشنى تراگېدىيەلىك ھېكايىگە ئايلاندۇرۇپ «ھازىر»نى ئۆتمۈشنىڭ كۆڭۈلسىز نەتىجىسى قىلىپ كۆرسىتىدۇ. ياكى بولمىسا «كەلگۈسىدە چوقۇم خۇشال بولىسەن» دېگەن ۋەدىنى بېرىش ئارقىلىق «ھازىر»نى بولسا كەلگۈسى ئۈچۈن تۆلەيدىغان «بەدەل» قىلىپ كۆرسىتىدۇ.

ئۆيۈڭدە كىتاب كۆرۈپ ئولتۇرغان ۋاقتىڭدا، ئۆزۈڭدىن «ھازىر مېنىڭ دوستلۇرۇم بارمۇ؟ ئاشىقىم بارمۇ؟ ئاتا ـ ئانام بارمۇ؟» دېگەن سوئاللارنى سوراپ كۆر. بەلكىم، «بار» دەپ جاۋاب بېرىشىڭ مۇمكىن. بىراق يەنە بىر سوراپ كۆر، ھازىر ئۇلار راستىنلا بارمۇ؟ ئەمەلىيەتتە، ئۇلارنىڭ بار ئىكەنلىكى ئېسىڭدە خالاس. ئۇلار پەقەت ئەسلىمەڭدىلا مەۋجۇد. كىتاب ئوقۇۋاتقىنىڭدا، سەن ۋە كىتابتىن باشقا ھېچقانداق نەرسە مەۋجۇد بولمايدۇ. بۇنى چۈشەنگىنىڭدە سەن «ھازىر»دا ياشايسەن.

ھازىردا ياشاشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولسا ھازىرنى قوبۇل قىلىشتۇر. ھازىرنى قوبۇل قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى «ھازىر»نىڭ مەڭگۈ ياخشى بولىدىغىنىنى بىلىشتۇر. دائىم «ھازىر»نى ئېھتىياجىڭغا ماسلاشتۇرۇش ئەمەس، بەلكى ھازىرنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلاشقىنىڭ لازىم. «ھازىر»نىڭ سەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن ۋاقتىڭدا، قىلغان ھەربىر ئىشىڭغا خۇشاللىق ئاتا قىلىسەن. نەتىجىدە، ھەربىر ئىشىڭدا سۆيەت پەيدا بولىدۇ. ئاندىن تاشقى دۇنيادىن خالىغان بىر نىشاننى تاللا، نىشان بىلەن خۇشاللىق بىرلەشسە قىزغىنلىققا ئايلىنىدۇ. قىزغىنلىق دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى بولسا، تەڭرى تەرىپىدىن ئىگەللىنىش دېمەكتۇر. ئۇ چاغدا ئىشلارنى سەن قىلمايسەن، تەڭرى سەن ئارقىلىق قىلىدۇ. ئىچكى نىشانىڭغا قاراپ بىر قەدەم ئالغىنىڭدا، ئۇ ساڭا قاراپ ئون قەدەم ئالىدۇ.

مەلۇم بىر نىشانغا ئىگە بولغان كىشى ھاياتتىن ئىبارەت بۇ سىرلىق ئۆردىدا مەيلى قانچىلىك تۇسالغۇ ۋە ياكى ئازدۇرۇشلار بولسۇن، ھامان چىقىپ كېتەلەيدۇ. ئۇنىڭدىن چىقىپ كېتىشنىڭ ئۇسۇلى بولسا، «ھازىر»نى ياخشى قىلىشتۇر. نىشانى يوق كىشى بولسا خۇددى ئەرەب شاھىنىڭ قۇملۇقتا ئوخشاش گاڭگىراش ئىچىدە ياشايدۇ. ھېچقانداق تۇسالغۇ، خاتا ئىشىكلەر، ئازگاللار ۋە مەغلۇبىيەتلەرگە ئۇچرىمايدۇ. بىراق مۇشۇ «ئۇچرىماسلىق»لار بولسا دەل ئەڭ چوڭ ئېچىنىشلىق ئېزىپ قېلىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

# سەن يالغۇز ئەمەس

قەدىمكى مايالىقلار سالاملاشقان ۋاقىتتا، «مەن يەنە بىر سەن» دېگەن جۈملىنى ئىشلىتىدىكەن. ئۇلارنىڭ ئىپادىلىمەكچى بولغىنى، سەن قانداق بولساڭ مەن شۇنداق، ياخشى تۇرغان بولساڭ مەنمۇ ياخشى، كۆڭلۈك يېرىم بولسا مېنىڭمۇ كۆڭلۈم يېرىم. بۇ نېمە دېگەن ئاددىي، بىراق شۇنچە گۈزەل ۋە كۈچلۈك سالام-ھە! گەرچە قەدىمكى مايالىقلار كۋانت فىزىكىسى توغرىسىدا ھېچنېمىنى بىلمىسىمۇ، بۇ خىل سالاملىشىشنىڭ ئۆزىدىنلا كۋانت فىزىكىسىنىڭ، سەن يالغۇز ئەمەس، دېگەن پرىنسىپى چىقىپ تۇرىدۇ.

ئەلۋەتتە، ھايات مۇساپىمىزدا مىڭلىغان ئوخشاش بولمىغان ئۆزىمىز بىلەن ئۇچرىشىپ تۇرىمىز. بەزىدە ئۆزىمىزنى دۇنيادىن ئايرىم يالغۇز ھېس قىلساقمۇ، ئەمەلىيەتتە ئەتراپىمىزدىكى ھەربىر شەيئي ۋە ئادەم بىلەن باغلىنىپ تۇرىمىز. كۋانت فىزىكا نەزەرىيەسى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، يالغۇز ھالدا مەۋجۇد بولىدىغان ھېچقانداق نەرسە يوق، ھەممە نەرسە بىر-بىرى بىلەن باغلىنىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل باغلىنىش «رايۇنسىزلىششى» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئاتوم زەررىچىلىرىنى ئۆزىنىڭ ئەسلى ماھىيىتى قىلغان بۇ شەيئىيلەرنىڭ كۆزىمىزگە ئايرىم كۆرۈنۈشىنىڭ سەۋەبى بولسا ۋاقىت ۋە بوشلۇق تەرىپىدىن ئالدانغان بەش سەزگۈ

ئەزالىرىمىزنىڭ چەكلىمىلىكىدىندۇر. ئالەمگە نەزەر تاشلىغاندا قارايدىغىنىمىز بىر پۈتۈنلۈك، بىراق كۆرگىنىمىز ئايرىملىق؛ قارايدىغىنىمىز چەكسىزلىك، بىراق كۆرگىنىمىز چەكلىكلىك؛ قارايدىغىنىمىز يوقلۇق، كۆرگىنىمىز «بار»لىقتۇر؛ ھەربىر ئادەمنىڭ بەدىنىدە ئولتۇراقلاشقان «ئاڭ(روھ)»مۇ بىر-بىرىگە باغلىنىپ تۇرىدۇ ۋە تەسىر قىلىپ تۇرىدۇ.

مايمۇنغا باناننى يۇيۇپ يېيىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن مەلۇم بىر ئارالغا كەلگەن بىر تۈركۈم ئالىملار غەلىتە بىر ھادىسىنى بايقىغان. دەسلەپتە، ئارالدىكى تۇنجى مايمۇنغا باناننى يۇيۇپ يېيىشنى ئۆگىتىش ئۈچۈن 45 كۈن ۋاقىت سەرپ قىلغان. بىراق باشقا مايمۇنلار ئىنتايىن قىسقا ۋاقىتتىلا باناننى يۇيۇپ يېيىشنى ئۆگىنىۋالغان. نەتىجىدە، ئادەمنىڭ مايمۇنغا ئۆگەتكىنىگە قارىغاندا مايمۇننىڭ مايمۇنغا ئۆگەتمىكى ئوڭاي بولىدىكەن، دەپ خۇلاسە چىقارغان. ئالىملارنى ھەيران قالدۇرغان ھادىسە پەقەت مۇشۇلا ئەمەس، ئەلۋەتتە. بىر نەچچە ھەپتىدىن كېيىن، ئالىملار ئۆزى تۇرغان ئارالدىن نەچچە يۈز مىل يىراقلىقتىكى يەنە بىر ئارالدا ياشايدىغان بىر توپ مايمۇنلارنىڭمۇ تۇيۇقسىز باناننى يۇيۇپ يېيىشكە باشلىغانلىقىنى بايقىغان. ئۇلار بۇنى قانداق ئۆگەندى؟

ھالبۇكى، پۈتكۈل دۇنيادىكى ئىنسانلار بىر-بىرى بىلەن چەمبەرچەس باغلانغان بولۇپ، دۇنيانىڭ ھالاك بولۇشى ياكى گۈللىنىشى كوللىكتىپ ئاڭ بىلەن زىچ مۇناسىۋەتلىك بولىدۇ. پەقەت ۋە پەقەت ئىنتىپاقلىق ۋە ئىناقلىقلا شەخس ۋە جەمئىيەتنىڭ تەرەققىياتىغا كاپالەتلىك قىلالايدۇ. بۇ خىل

ئىناقلىقنى پەقەت مۇھەببەتلا ئورۇندىيالايدۇ. شۇڭا مەن مۇھەببەتنى ئېتىقادتىنمۇ مۇھىم ئورۇنغا قويىمەن. چۈنكى ئېتىقادنىڭ بىزنى باشلاپ بارىدىغان ئەڭ ئاخىرقى مەنزىلى يەنىلا مۇھەببەت بولۇپ چىقىدۇ.

مۇئەللىم كەلدى ...

*ئوقۇتقۇچى سىنىپتىكى بالىلاردىن:*

*- قاراڭغۇلۇق تۈگەپ تاڭ ئاتقانلىقىنى قانداق بىلىمىز؟ - دەپ سوراپتۇ.*

*ئوقۇغۇچىلاردىن بىرى:*

*- ئەگەر ئەنجۈر دەرىخى بىلەن زەيتۇن دەرىخىنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك يورۇقلۇق چۈشسە تاڭ ئېتىپتۇ، دېسەك بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.*

*- ياق مۇئەللىم، مېنىڭچە قوي بىلەن ئۆچكىنى پەرقلەندۈرەلىگۈدەك يورۇقلۇق چۈشسە تاڭ ئېتىپتۇ، دېسەك بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ يەنە بىر ئوقۇغۇچى.*

*ئوقۇغۇچىلارنىڭ جاۋابلىرىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئوقۇتقۇچى كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:*

*- يىراقتىن سىلەر ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان ناتونۇش بىر ئادەمنى كۆرۈپ «ھە، قېرىندىشىم كېلىۋېتىپتۇ» دېيەلىگەن ۋاقىتلاردا، ئىنسانىيەت ئۈچۈن قاراڭغۇلۇق تۈگەپ تاڭ ئاتقانلىق بولىدۇ، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.*

ئاڭلا ئەلى، باشقىلار مەيلى قانداق ئويلىسۇن، سەن ئۆزۈڭنى ئىنسانىيەت بىلەن بىر دەپ ئويلا، پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ كۈچى مەندە دەپ ئويلا، قىلىۋاتقان ئىشىڭغا

ۋۇجۇدۇڭنى بەر، نەتىجىدىن ھۇزۇرلان، بىراق باغلىنىپ قالما. نەتىجىگە باغلىنىپ قىلىش ئىزىنتقۇنى كۆرگەن بىلەن باراۋەر، ئۇ سىنى ناكا قىلىدۇ ياكى غەرق قىلىدۇ.

مەنچىلىك، مەنمەنچىلىك ۋە ئايرىمچىلىقلارنى كونا چاپاننى سېلىۋەتكەندەك تاشلىۋەت. ئۆزۈڭنى پۈتكۈل ئىنسانىيەت بىلەن بىر گەۋدە قىلالىغاندا، مۇگدەپ ياتقان تاغلارمۇ سەن ئۈچۈن ئويغىنىدۇ. دەرەخلەرنىڭ ئاۋازلىرىنى، سۇلارنىڭ ناخشىلىرىنى ئاڭلايسەن.

نىل دەرياسىنى ئوتتۇرىدىن ئايرىۋەتكىنى ھەرگىزمۇ مۇسانىڭ ھاسىسى ئەمەس، بەلكى كىشىلەرنىڭ قول تۇتۇشۇپ ئىشەنچ بىلەن ئالغان ئورتاق قەدىمىدۇر. ئۇچرىغان ھەربىر ئادەمگە، نەرسىگە، ئىشلارغا، ھەتتا ھايۋانلارغىمۇ مۇھەببىتىڭنى تولۇق بەر. ئۇلارنى ئۆزۈڭنىڭ ئوقۇتقۇچىسىغا ئايلاندۇر. ھەتتا قارىماققا سوغۇق تۇيۇلغان كىشىلەرنى ۋە پايدىسىز كۆرۈنگەن ئىشلارنىمۇ قوبۇل قىلىشنى ۋە سۆيۈشنى بىل. پايدىسىز دەپ قارىغان شۇ ئىشلار ۋە كىشىلەر سەن ئۈچۈن ئەڭ چوڭ ياردەمدە بولىدۇ. سەن ھېچقانداق نەرسىگە سەۋەبسىز ئۇچراپ قالمايسەن. ئالدىڭدىكى سىنىڭ مېڭىشىڭغا توسالغۇ بولغان ئاشۇ ماشىنىنىڭ شوپۇرىغا رەھمەت ئېيت. توغرا، ئۇنىڭ سىنى توسۇپ قويغىنىغا ۋە ياكى سۈرئىتىڭنى ئاستىلىتىپ قويغىنىغا رەھمەت ئېيت. چۈنكى دەل شۇلار سەۋەبلىك سەن ئۆلۈمدىن قۇتۇلۇپ قالىسەن. سۆيگۈنۈڭنىڭ مۇنۇ گېپىنى ئېسىڭدىن چىقارما:

ھەسەن ـ ھۈسەننى كۆرۈش ئۈچۈن يامغۇرنى ياخشى كۆرۈشنى بىلىشىڭ لازىم.

ياش تۆكمە دېمەيمەن، ياش تۆككەندە قانغۇچە تۆك، بىر تامچە ياشنىمۇ ئىچىڭگە يۇتما، ئۇ ساڭا ئۆزىنىڭ تۇزلۇق بولىدىغانلىقىنى تولۇق ھېس قىلدۇرۇپ بولغاندا تەبئىيلا توختايدۇ. ھەرقانداق «ئازاپ» ساڭا ئۆگەتمەكچى بولغىنىنى ئۆگىتىپ بولغان ھامان توختايدۇ. ھەربىر ھەرىكىتىڭگە ئاچچىق غەزەپ ياكى ئۆچمەنلىك ئەمەس بەلكى مۇھەببەت يېقىلغۇ بولسۇن. ئاچچىق ئۆزۈڭگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ ئاپەت ئېلىپ كېلىدۇ. قاتتىق بوراندا يەلپۈنىۋاتقان ئوت يالقۇنىدىن باشقىلار قانداقمۇ ئىسسىنالىسۇن؟

كەمچىلىك، خاتالىقلىرىڭدىن نومۇس قىلما. ئۆلارنىمۇ سۆي، خۇددى ئوتنىڭ ئەتراپىدا تۇتۇن بولغىنىدەك، ھەرقانداق ھەرىكەتتە كەمچىلىك ۋە خاتالىق بولىدۇ. بۇ خاتالىقلار ساڭا «ئەمدى قىلما، ۋاز كەچ» دېيىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى «ئەمدى مۇنداق قىل» دېيىش ئۈچۈن كەلدى. دۇنيادا مەغلۇبىيەت دەيدىغان نەرسە يوق. ئەگەر ئاشۇ مەغلۇبىيەتلەردىن ئاز تولا نەرسە بىلىۋالساڭ، بۇمۇ بىر غەلىبە. چۈنكى قىلىشنىڭ ئەڭ چوڭ مېۋىسى بىلىشتۇر.

قەلبىڭنىڭ ھېچكىم چېقىلالمايدىغان يەرلىرىگە «مەن ئىنسانىيەت ئۈچۈن، ئىنسانىيەت مەن ئۈچۈن» دېگەن جۈملىنى ئويۇۋال. مانا بۇ كۈچ بىلەن ئۆزۈڭ ۋە كىشىلەر ئۈچۈن خىزمەت قىل، ئۆزۈڭنى ئىنسانىيەتكە قانچە بەرگەنسېرى شۇنچە بېرىش قابىلىيىتىگە ئىگە بولىسەن.

## ئۈمۈچۈكنىڭ سۆزى

ھايۋانـــــاتلار دۇنياســــــى بولســــا ماھــــارەتچىلەر ۋە پۇرسەتپەرەسلەر دەپ ئىككىگە بۆلىنىدۇ. بۇركۇتكە ئوخشاش ھايۋانلار ماھارەتچىلەر تۈرىگە تەۋە بولۇپ، ئوۋ ئوۋلىغانــدا ئۆزىنىڭ ئالاھىدە ماھارىتىگە تايىنىــدۇ. باشــقا ۋاقــتلاردا، ئۆزىنىڭ راھەت ۋە تىنچ ھالىتىنى ساقلايدۇ. پۇرسەتپەرەسلەر بولسا مەيلى يىمەكلىــك ئىــزدەش يــاكى كۇشــەندىلىرىدىن ساقلىنىش بولسۇن پۇرسەتكە تايىنىدۇ. شــۇڭا ئــۇلار دائىــم جىددىي ھالەتنى ساقلايدۇ.

ئۇ بىر يازنىڭ چۈشتىن كېيىنى ئىــدى، تۆرپانغــا ئــيلان ئىشلەش ئۈچــۈن بــاردۇق. «تۆرپــان ئىسســىق» دېــيىش ھەرگىزمۇ تۆرپانىنــڭ يــازدىكى ئــوت ئىسســىق ھــالىتىنى تەسۋىرلەشكە يېتەرلىــك بولمايــدۇ دەپ قــارايمەن. ئــاران دېگەندە بىر ئۈژمە دەرىخىنىڭ ئاستىغا كىرىۋالدۇق. بىچــارە توپا بېسىپ كەتكەن بۇ دەرەخنى يىلــلاپ ھــېچكىم يۇيــۇپ قويمىسىمۇ يەنىلا ھېچكىمدىن ئۆزىنىڭ سايىسىنى ئايىمــايتتى. گەرچە مۇشۇ سايىسى ۋە مېۋىلىرى بىلەن نۇرغۇن كىشىلەرنى چوڭ قىلىپ قېرىتقان بولسىمۇ، بۇ ئۈژمە دەرىخىنىڭ قېرىــپ كەتكەنلىكىگە ھېچكىم دىققەت قىلمىغانىدى.

تۇيۇقسىز ئۈژمە دەرىخىگە تور باغلىغان بىر ئۆمۈچــۈككە كۆزۈم چۈشتى. بۇ ئۆمۈچۈك دۇنيانىڭ بــارلىق ئىشــلىرىدىن

بىخەۋەر، شۇنداقلا كارى يوق هالدا تور توقۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ تورىغا ئىلىشىپ قالغان چىۋىن قاتارلىق كىچىك هاشارەتلەرنى كۆرۈپ، ئاندىن ئۆمۈچۈكنىڭ هاشارەتلەرنى يەپ هايات كەچۈرىدىغانلىقىنى بىلدىم.

ئۆمۈچۈك هاشارەتلەرنى ئوزۇق قىلىدىكەن-يۇ، بىراق مەن تا هازىرغا قەدەر بىرەر ئۆمۈچۈكنىڭ چىۋىن قوغلاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ باقمىدىم. بۇ نېمە دېگەن ئەخمىقانە گەپ؟ ئەگەر ئۆمۈچۈك راستىنلا چىۋىنلارنى قوغلاپ تۇتىمەن دەپ ئويلىسا، مەڭگۈ بىر تالنىمۇ تۇتالماي ئاچارچىلىقتىن ئۆلۈپ قالىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، هايۋاناتلار دۇنياسىدىكى ماهارەتچى هايۋان بولۇش سۈپىتى بىلەن ئۆمۈچۈك چىۋىن قوغلاشنى ئەمەس بەلكى تور توقۇشنى تاللىغان. چۈنكى توقىغان تور قانچە مۇستەهكەم ۋە چوڭ بولسا، ئوزۇقلۇقلار ئۆزلىكىدىن كېلىدۇ.

«تۇمەنمىڭلىغان كىشىلەرنىڭ پۇل، ئابروي ۋە هوقۇق ئۈچۈن شۇنچە تىرىشىپمۇ ئۇ نەرسىلەرگە ئېرىشەلمەسلىكىنىڭ سەۋەبى بولسا دەل مۇشۇ يەردە ئىكەندە.» دېدىم ئىچىمدە. چۈنكى كىشىلەرنىڭ قارىغۇلارچە بۇ نەرسىلەرنى قوغلىشىشى دەل ئۆمۈچۈكنىڭ چىۋىن قوغلاپ تۇتىمەن دېيىشى بىلەن پەرقلەنمەيدۇ. تۇۋا، بىز ئىنسانلار مۇشۇ ئۆمۈچۈكچىلىكمۇ بولالماپتۇق.

ئۇنداقتا، بىز تورنى قانداق توقۇيمىز؟

مۇئەللىم كەلدى.....

*مەلۇم بىر كۈنى، بىر كىشى يولدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، ئىبادەتخانا سېلىش ئۈچۈن هارۋىدا توپا توشۇۋاتقان ئۈچ كىشىنى كۆرۈپتۇ ۋە ئايرىم-ئايرىم هالدا ئۇلاردىن نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىنى سوراپتۇ.*

*- توپا توشۇۋاتقىنىمنى كۆرمەيۋاتامسەن؟ - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ بىرىنچى كىشى ناهايىتى ئاچچىقلانغان هالدا.*

*- مەن ئىشلەپ جان بېقىۋاتىمەن، - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ئىككىنچى كىشى.*

*ئۈچىنچى كىشى بولسا «مەن تەڭرىنىڭ ئۆيىنى سېلىۋاتىمەن» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.*

قارا ئەلى، گەرچە بۇ ئۈچ كىشى ئوخشاش بىر ئىشنى قىلىۋاتقاندەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ئۈچ ئىش قىلىۋاتقان هېسابلىنىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ بۇ ئىشلارنى قىلىۋاتقان مەقسىتى ئوخشىمايدۇ. نەتىجە هامان نېمە ئىش قىلغىنىڭ ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى ئۇ ئىشنى نېمە ئۈچۈن قىلىۋاتقىنىڭ ئارقىلىق بەلگىلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك، بىرىنچى كىشى مەڭگۈ توپا توشۇيدۇ؛ ئىككىنچىسى بولسا جېنىنى قامدايدۇ؛ ئۈچىنچىسى راستىنلا تەڭرىنىڭ ئۆيىنى ياساپ چىقىدۇ. شۇنداقلا ئۇنىڭدا هېرىش-چارچاش بولمايدۇ، بولسىمۇ هۇزۇرلىنىدۇ؛ هەربىر ئادەمنىڭ قىلىۋاتقان ئىشى بولسا دەل ئۆمۈچۈكنىڭ تور توقۇشىغا ئوخشايدۇ. قانچە ئىنچىكە، قانچە مۇستەهكەم توقۇلسا، ئوزۇقلۇقلار قېچىپ كېتەلمەيدۇ.

«بىراق مىنىڭ قىلىۋاتقىنىم ئاددىي بىر ئىش تۇرسا، قانداقمۇ چوڭ ئىشلارنى ھۇجۇدقا چىقىرالايمەن؟» دەپ ئويلاپ قالما. يەر بېغىرلىغۇچى ھايۋانلارنىڭ تىرىلىرى تەدرىجىي تەرەققىي قىلىش جەريانىدا بەدىنىنى تېخىمۇ ئىسسىق ساقلاش ئۈچۈن يۇمشاق پەيلەرگە ئۆزگەرگەنىدى. بىراق كىم بىلسۇن، ئۇلارنى سوغۇقتىن ساقلاش ئۈچۈن پەيدا بولغان بۇ ئاددىي پەيلەر بولسا ئۇلارنى ئاسماندا ئۇچىدىغان قۇشلارغا ئايلاندۇرۇپ قويدى.

ئەنە شۇنداق «ئاددىي» ئىشلارنى ئاددىي بولمىغان مەقسەتلەر بىلەن ھۇجۇدىگنى بېرىپ، ئۈزلۈكسىز داۋاملاشتۇرساڭ، ھامان بىر كۈنى سەن ئويلىغان ئاشۇ «ئاددىي» ئىشلار سېنى ئاسمانغا كۆتۈرۈپ چىقىدۇ.

ئاڭلا ئەلى، ئادەم ھەرقانداق بىر ئىشقا پۈتۈن ۋۇجۇدىنى بەرمەك لازىم. قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭنى باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ئەمەس، ھايات ۋەزىپەڭنىڭ سۈپىتىدە ئورۇنلا، ھەتتا كىشلەر ئالدىراپ بايقىيالمايدىغان ئاشۇ ئىنچىكە تەپسىلاتلارغا دىققەت قىلىش ۋە قىلماسلىق سېنىڭ مەغلۇب بولۇشۇڭ ياكى غەلىبە قىلىشىڭنى بەلگىلەيدۇ.

ئوقۇتقۇچىلارغا ئېيت، ئوقۇغۇچىلىرىنى ئالىم قىلىش ئۈچۈن تەربىيەلىمىسە سىنىپ ئۇلارنى زاڭلىق قىلىدۇ. ئۆگىتىشتىنمۇ مۇھىم بولغىنى ئوقۇغۇچىلاردا مەڭگۈ ئۆگىنىش روھىنى شەكىللەندۈرۈشتۇر. ئوقۇتقۇچىنىڭ ساپاسى بولسا بالىلارغا «نېمانداق چۈشەنمەيسىلەر؟!» دېيىش ئارقىلىق

ئەمەس، بەلكى ئۆزىگە «ئەجەپ چۈشەندۈرەلمەيمەنغۇ؟» دېيىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ئوقۇغۇچىلارغا ئېيت، كىتابلارنى جىنىدىن ئەزىز، مۇئەللىملىرىنى ئاتا-ئانىسىدىنمۇ ئۇلۇغ، سىنىپلىرىنى ئائىلىسىدىنمۇ ئىللىق كۆرەلمىسە، پارتىلار ئۇلارنى زاڭلىق قىلىدۇ. يارامىلىق ئوقۇغۇچى بولسا «مەن بىلەلمىدىم» دېيىش بىلەن ئەمەس بەلكى «ھازىرچە بىلەلمىدىم» دېيىش بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ناۋايلارغا ئېيت، نانلارنى ئۆزى يېيىش ئۈچۈن يېقىپ، ئاندىن باشقىلارغا ساتسۇن. ئۇنداق قىلالمىسا، تونۇرلار غەزەپلىنىدۇ.

يازغۇچىلارغا ئېيت، قەلەملىرى ئەرزان، خەتلىرى سەت بولسىمۇ، يۈرىكىنى يازسۇن. ئۇنداق قىلالمىسا، ئۇلار سىياھلار قەغەزلەرنى ئىسراپ قىلغۇچىغا ئايلىنىپ قالىدۇ.

دوختۇرلارغا ئېيت، «داۋالىغىلى بولمايدۇ» دېگەن كېسەللەرنىمۇ داۋالاشقا تىرىشسۇن. چۈنكى ئالەمگە دورا ئاۋۋال، كېسەل كېيىن كەلگەن.

تەنھەرىكەتچىلەرگە ئېيت، «مەن ئەمدى بولالمىدىم» دېگەن ۋاقىتتا يەنە يۈگۈرسۇن. ئۇلار ئۆزىدە قانچىلىك يوشۇرۇن كۈچنىڭ بارلىقىنى مەڭگۈ بىلەلمەيدۇ.

ساقچىلارغا ئېيت، رەھىمسىز بولۇش ئۈچۈن رەھىمدىللىكتىن، رەھىمدىل بولدۇم دەپ رەھىمسىزلىكتىن ۋاز كېچىشنىڭ ھاجىتى يوق. ئۇلار بولسا خەلق ساقچىسى. خەلقنى قوغدايدۇ، خەلق تەرىپىدىن قوغدىلىنىدۇ.

سـەنئەتكارلارغا ئېيـت، ناخشـىلىرى ئـارقىلىق ئـۆزىنى ئەمەس، ئۆزى ئارقىلىق ناخشىلىرىنى ئىپادىلىسـۇن. چـۈنكى خەلق ئۇلارنىڭ ناخشىلىرىنىلا ئەمەس، ھاياتىنىمۇ دورايدۇ.

ئۆزۈڭگە ئېيت، قەيسەر بول، مەن سېنى سۆيىمەن.

## ھەممىنى بەر

رىۋايەتلەرگە ئاساسلانغاندا، سۇلايمان شاھنىڭ بىر ئۈزۈكى بولۇپ، بۇ ئۈزۈككە ئىگە بولغان كىشى قۇشلار بىلەن پاراڭلىشىش قابىلىيىتىگە ئېرىشىدىكەن. ئۈزۈك كېيىنكى ۋاقىتلاردا يۈتۈپ كەتكەن بولۇپ، ئاڭلاشلارغا قارىغاندا بىر تىلەمچى ئۇنى تېپىۋالغان ئىكەن. قىزىق ئىش، بەزىدە ئامەت قارىماققا ئامەتكە قىلچە ئەرزىمەيدىغان كىشىلەرگە نېسىپ بولۇپ قالىدۇ. كىم بىلىدۇ، ئۇ تىلەمچى ھازىر بىرتالمۇ قۇشلار ياشىمايدىغان مەلۇم بىر جايدا تىلەمچىلىك قىلىۋاتامدۇ؟

ئۇ كۈنى، مۇشۇ كىتابنى يېزىپ پۈتتۈرگەن ئۆيۈمدە ئۇخلاپ قالدىم. ئەتىگەندە يۇمشاقتىن قاتتىقراق چېكىلگەن ئاۋازدىن ئويغىنىپ كەتتىم. «ئىشىكنى چەككەن كىم؟» دېگەن سوئالىمغا داۋاملىق ئىشىك چېكىش ئارقىلىق جاۋاب بەرگەن بۇ ئادەمنى كۆرۈپ بېقىش قىزغىنلىقىم پەيدا بولدى. ئىشىكنى ئاچتىم. دەرۋەقە، بەش ئەزايىنىڭ مېنىڭكىدىنمۇ ساغلام ۋە بېجىرىم ئىكەنلىكىنى نەزەرگە ئالغاندا، تىلەمچى بولۇشقا تېخى سالاھىيىتى توشمايدىغان، بۇرۇتى ساقىلىدىن كۆپرەك ئۆسكەن بىر كىشى قولىنى ماڭا سۇنۇپ سەدىقە تىلەۋاتاتتى.

گەرچە تىلەمچىلەرنى ياقتۇرمىساممۇ، ئۆزۈم تونۇمايدىغان ۋە ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان كىشىلەر بىلەن ئۇچرىشىشنى ياقتۇرىمەن. ھەرقانداق ئىككى ئادەم مەلۇم ئورتاق مەقسەت بىلەن ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بەزىلەر «رەھمەت» دېگەن سۆزنى دېيىشكە مۇھتاج بولسا، بەزىلەر ئاڭلاشقا مۇھتاج بولىدۇ. نەتىجىدە، بۇ ئىككى كىشى ئۇچرىشىپ قالىدۇ. بەلكىم ئالدىمدىكى بۇ تىلەمچى ئىلىشقا مۇھتاج بولغىنىدەك، مەنمۇ بېرىشكە مۇھتاجدۇرمەن، دېگەنلەرنى ئويلىدىم.

قولۇمنى يانچۇقۇمغا سېلىپ، پارچە پۇلنىڭ يوقلۇقىنى ئېسىمگە كەلدى ـ دە:

ـ پارچە پۇل يوقكەن، ـ دېدىم ئۇنىڭغا قاراپ.

ـ بىراق سىزدە پۈتۈن پۇل بار، ـ دېدى ئۇ ئەستايىدىللىق بىلەن.

ئۇنىڭ كۆزۈمگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ئاۋازىنى قىلچە تىترەتمىگەن ھالدا دېگەن بۇ قەيسەر سۆزى مېنى تەسىرلەندۇردى بولغاي 50 يۈەن پۈتۈن پۇلنى ئۇنىڭغا شارتتىدە سۇندۇم.

ـ يانچۇقىڭىزدىكى ھەممە پۇلنى بېرىڭ، ـ دېدى ئۇ تۇيۇقسىزلا.

ئۇنىڭ بۇ سۆزىنى ئاڭلاپ، يا كۈلۈمسىرەشنى ياكى كۈلۈپ كېتىشنى بىلمىدىم. مېنىڭ گاڭگىرىغان ھالىتىمنى بىلدى بولغاي، ئۇ ئارقىدىنلا:

ـ ھەممىنى بەرمىگەن ئادەم ھېچنېمە بەرمىگەن بىلەن باراۋەر، ـ دېدى ئۆزىگە تېخىمۇ ئىشەنگەن ھالدا.

نەتىجىدە، يېنىمدىكى 300 يۈەندىن ئارتۇق پۇلنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا بەردىم. ئۈچ كۈنگىچە ئۇنىڭ گېپى قۇلىقىمدىن كەتمىدى.

مۇئەللىم كەلدى.........

داداڭنىڭ سېنى سۇ ئۈزۈشكە ئاپارغىنى يادىڭدىمۇ؟ ئۇ سەندىن سۇنىڭ سوغۇق ياكى ئەمەسلىكىنى بىلىپ بېقىشىڭنى سورىغاندا، سەن كۆل بويىغا بېرىپ، پۇتىڭنىڭ ئۇچىنى كۆل سۈيىگە چىلاپ دەرھاللا تارتىۋالغان ئىدىڭ ۋە سۇنىڭ تولىمۇ سوغۇق ئىكەنلىكىنى ئېيتقان ئىدىڭ. داداڭ شۇ ھامان سېنى كۆل سۈيىگە تاشلىۋەتكەن ئىدى. پۇتۇن بەدىنىڭ كۆل سۈيىگە چىلىنىپ بەش مىنۇتتىن كېيىن، سۇنىڭ سەن ئويلىغاندەك ئۇنچە سوغۇق ئەمەسلىكىنى ھېس قىلغان ۋە بۇنى داداڭغا ئېيتقانىدىڭ. داداڭ كۈلۈمسىرەپ تۇرۇپ:

- مەيلى كۆل سۈيىنىڭ سوغۇق - ئىسسىقلىقىنى بىلمەكچى بول ۋە ياكى ھاياتنىڭ قىيىن ياكى ئاسانلىقىنى بىلمەكچى بول، بۇنى بىلىش ئۈچۈن پۇتۇڭنىڭ ئۇچىنى ياكى قولۇڭنىڭ ئۇچىنى چىلاپ بېقىشقا بولمايدۇ. ئۇ ھالدا ھەممە نەرسە سوغۇق ۋە قىيىن تۇيۇلىدۇ. ئەكسىچە، ھەقىقىي بىلىش ئۈچۈن، خۇددى كۆل سۈيىگە پۈتۈن بەدىنىڭ بىلەن چىلاشقاندەك، قىلىۋاتقان ھەرقانداق ئىشقا، تۇرمۇشقا، دوستلۇققا ھەتتا مۇھەببەتكە پۈتۈن ۋۇجۇدۇڭنى بەرمىكىڭ لازىم. ئەنە شۇ ۋاقىتتا ھەممە ئاسانلايدۇ ۋە ئىللىق تۇيۇلىدۇ، - دېگەنىدى.

مانا بۇ ھېلىقى تىلەمچىنىڭ «ھەممىنى بەرمىگەن كىشى ھېچنېمە بەرمىگەن بىلەن باراۋەر» دېگەن سۆزىنىڭ مەنىسى.

## «قاراقچى» دىن ئېمىنى ئۆگەندىم

بۇ ۋەقە 2015-يىلى فېۋرالىدا، ئۈرۈمچىنىڭ داۋان رايونىدىكى مەلۇم بىر قەھۋەخانىدا يۈز بەرگەن ئىدى.

دوستلىرىم(بەزىلىرى 40ياش، بەزىلىرى 50 ياش) ۋە ئۇلارنىڭ دوستلىرى بولۇپ، ئالتىمىز قەھۋە ئىچكەش پاراڭغا چۈشتۇق. ئۇزۇن ئۆتمەي دوستانە پاراڭلار ئوق-دورا پۇراپ تۇرىدىغان بەس-مۇنازىرىگە ئايلاندى. كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا ئۆزى چۈشەنگەن نەرسىلەرنى توغرا دەيدۇ، چۈشەنمىگەننى بولسا خاتاغا چىقىرىۋېتىدۇ. تېخىمۇ قىزىقارلىق يېرى شۇكى، ئۇلار بىر-بىرىنىڭ سۆزىنى ئاڭلىمايۋاتاتتى. بەلكى ئۆزىنىڭ سۆزلەش نۆۋىتىنى تەقەززالىق بىلەن ساقلاۋاتاتتى. ئارىدىن بىرەيلەن ئەپلاتون كۆز قارىشىنى ياقىلىغان هالدا:

-بىز كۆرمەكچى بولغان ۋە بىلمەكچى بولغان ھەممە نەرسىنى ئالدىنقى ھاياتىمىزدا كۆرۈپ بولغان ۋە بىلىپ بولغان بولىمىز. شۇنىڭ ئۈچۈن بىلىش دېگىنىمىز ئەسلەش دېمەكتۇر،-دەپ گەپ باشلىدى.

-ئۇنداقتا، بىلىش دېگىنىمىز ئەسلەش بولسا، بىلمەسلىك دېگىنىمىز ئۇنتۇپ قېلىش بولىدۇ-دە،-دېدى كىتاب ئوقۇشقا خوشى يوق، بىراق، خۇلاسىلەشكە ھەۋىسى بار يەنە بىر دوستىمىز.

بەش سىكۇنتلۇق جىمجىتلىق ئۇنىڭ بۇ خۇلاسىسىگە ئاز تولا ھۆرمەت بىلدۈرگەندەك تۇراتتى. بۇ پاراڭلاردىن بىرئاز بىزار بولغان ياشنىپ قالغان يەنە بىر كىشى گەپ قىستۇرۇپ:

- ئەپلاتوننىڭ «ئارختىپلىك ئەسلىمىلەر» دېگەن گەپلىرىنى مەن بىلىپ كەتمەيمەن، مېنىڭچە ھېچكىم ئۆزىنىڭ تۇنجى قېتىم سىرىق ياكى قىزىل رەڭنى كۆرگىنىنى ۋە تۇنجى قېتىم تېتىغان مېۋىسىنى ئەسلىيەلمەيدۇ. چۈنكى ئۇ چاغدا كىشىلەر ئىنتايىن كىچىك بولۇپ، ھازىرغا مەپتۇن بولغانلىقى ئۈچۈن ئەتە-ئۆگۈنلەرگە شۇنداقلا ۋاقىتلارغا بەك ئەھمىيەت بېرىپ كەتمەيدۇ. ئەمما ھەممىمىزنىڭ ھاياتىدا بىز ئۇنتۇيالمايدىغان تۇنجى ۋاقىتلار بولىدۇ.

مېنىڭ بالىلىق دەۋرىم بولسا قاراماي شەھىرىدە ئۆتكەن. مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر تۈپ دەرەخ بولۇپ، ئۇنىڭ ئاستىدا بىر مۈشۈك ئائىلىسى ياشايتتى. دادامغا ئۇ مۈشۈكلەرنى بېقىۋېلىشنى ئېيتقان بولسامۇ دادام ئىزچىل رەت قىلغانىدى. مۈشۈكلەرنىڭ ئارىسىدا قارامتۇل بىر مۈشۈك بولۇپ، ئۇنىڭغا مەن قاراقچى دەپ ئىسىم قويۇپ قويغان ئىدىم. ھەممە ئادەم ھاياتىدا مەلۇم نەرسە ئۈچۈن ياشايدۇ. «قاراقچى» نىڭ ھايات نىشانى بولسا مېنى قورقىتىش ئىدى. ھەر قېتىم بىناغا كىرگەن چېغىمدا، ئۇ قاراڭغۇ پەشتاقنىڭ ئۈستىدە ساقلاپ تۇرۇپ، مەن كىرىشىمگىلا «مياۋ» دېگەن ئاۋاز بىلەن سەكرەپ چۈشۈپ كېتەتتى.

قارىماي قىشتا ئىنتايىن سوغۇق بولۇپ، شامالىق كۈنلەردە ئادەم سوغۇقتىن چىدىيالماي قالىدۇ. ئۇ كۈنى

ئىشتىن كېچىكىپ چۈشتۇم. سوغۇقتىن بالـدۇرراق قۇتۇلـۇش ئۈچۈن پەلەمپەيدىن تېز چىقتىم. بۇ قېـتىم «قـاراقچى»نـى پەلەمپەيدە ئەمەس، ئۆيۈمنىڭ ئىشىكى ئالدىدا دۈگـدەيگەن هالدا كۆردۈم. ئىشىكنى ئېچىپ ئۇنىڭغا «مەرهەمەت» دېگەن ئىشارەتنى قىلدىم. هەيران قالغىنىم ئۇ ئۆيگە كىردى. مەن بۇ سىرلىق هايۋاننى چۈشەنمەيمەن. دوستلىرىمنىڭ مۈشۈكلىرىنىڭ ئۆيلەرنى بەك قالايمىقـان قىلىۋېتىـدىغانلىقىنى ئاڭلىغـانلىقىم ئۈچۈن: «ئۆينى قالايمىقان قىلساڭ بولمايدۇ» دېـدىم. ئـۇ چۈشەنگەندەك قىلاتتى. بالكونـدىن كونـا ئەديـالنى ئېلىـپ چۈشۈپ ئۇنىڭغا كارىۋات ياسـاپ بەردىـم. ئەلـۋەتتە، مەن ئۇنىڭدىن بالدۇر ئۇخلاپ قالدىم.

ئەتىسى، ئۇ مەندىن بۇرۇن ئويغۇنۇپ، مېنىڭ ئۇنىڭغـا ئىشىك ئېچىپ بېرىشىمنى ساقلاپ تۇرۇپتۇ. ئىشىك ئېچىلىشىغا ئۇ خەير-خوشمۇ دەپ قويماي ئالـدىراش چىقىـپ كەتتـى. كەشتە ئۆيگە قايتىپ كەلگىنىمدە، قاراقچىنىڭ سايىسىمۇ يـوق ئىدى. بىراق ئىشىكنىڭ ئالدىدا بىر ئۆلۈك چاشقان تۇرۇپتۇ. مېنىڭ بىر مۈشۈكخۇمار خوشنامنىڭ دېيىشـىچە بـۇ ئۆلـۈك چاشقان «قاراقچى»نىڭ ماڭـا رەهـمەت ئېيـتىش ئۇسـۇلى ئىكەن. شۇ كۈندىن تارتىپ مەن ئۇنى كۆرمىـدىم. كـۈنلەر ئۆتۈپ مەن ئۇنى سېغىندىم. ئۇنىڭ مېنى يەنە قورقۇتىشـىنى ئۈمىد قىلدىم. قىشتىكى ئۇ قەهرىتان سوغۇق كېچىنى بىلـلە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، مەن «قـاراقچى» توغرىسـىدا كـۆپ ئويلاندىم. بۇ مۈشۈك بىزگە نېمىلەرنى ئۆگەتتى؟

مۇئەللىم كەلدى.....

دۇنيادا سىزنىڭ ئوقۇتقۇچۇڭ بولۇش سالاھىيىتىگە ئىگە ئەمەس بىرمۇ شەيئىي يوق. مۆشۈك ساڭا مۇنۇلارنى ئۆگىتىدۇ:

1) ئېھتىياجىڭ چۈشكەندە ياردەم سورا، ياردەم سوراش ئاجىزلىق ئەمەس.

2) بىراۋ ياردەم بەرگەندە قوبۇل قىل، ياردەمنى قوبۇل قىلىش ياردەم بەرگۈچىنى خوشال قىلىدۇ. بۇمۇ ئۇنىڭغا ياردەم بەرگەنلىك.

3) ئۆزۈڭگە زۆرۈر نەرسىنىلا ئال، بولمىسا پەس كۆرۈنۈپ قالىسەن.

4) ئۆيىڭ قائىدىسىگە بويسۇن. باشقىلارنىڭ ئۆيىدە سىزنىڭ ئۆيۈڭنىڭ قائىدىسى ئىناۋەتسىز.

5)رەھمەت خېتى ئەۋەتىشنى ھېچ بولمىغاندا رەھمەت دېيىشنى ئۇنۇتما. زىممەڭدىكى قەرزدىن ئازراق بولسىمۇ يەڭگىللەيسەن.

6) يېڭى دوست تۇتۇشقا تەييار تۇر. كونا دوستلىرىڭ دائىم: «ئۇ ئەينى ۋاقىتتا مۇنداق ئىدى» دېيىشنىلا بىلىدۇ.

7) ئۆزۈڭگە سەمىمىي بول. ئادەم ھەم ئاجىز ھەم كۈچلۈك بولىدۇ. كېرەك بولسا ئاجىز تەرىپىڭنى كۆرسىتىشنى بىل.

8) ساڭا خوشاللىق ئاتا قىلالايدىغان بىرەر ئىشنى تاپساڭ، ۋۇجۇدۇڭ بىلەن قىل. باشقىلارنى كۆپ ئويلاپ كەتمە. پەقەت خوشال ئادەملەرلا باشقىلارغا خوشاللىق ئاتا قىلالايدۇ.

## مۇھەببەتنىڭ چىرايى

ئارتۇر كونانىنىڭ «كۆمۈش رەڭلىك نۇر» ناملىق ھېكايىسىدە، شېرلوك ھولمىس بىر جىنايەت دېلوسىنى شۇ كۈنى نەق مەيداندا يۈز بەرگەن ئەمەس بەلكى يۈز بەرمىگەن بىر تەپسىلاتقا دىققەت قىلىش ئارقىلىق پاش قىلىدۇ. يەنى ۋەقە يۈز بەرگەن كۈنى ھويلىدىكى ئۆي باقار ئىت ھېچقانداق قاۋىمىغان. بۇ ھادىسە جىنايەت گۇماندارىنىڭ ئۆي ئىگىسى ۋە ئىتنى تونۇيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرەتتى. ئەسلى يۈز بېرىشكە تېگىشلىك بىراق يۈز بەرمەي قالغان ئىشلارغا دىققەت قىلىش «نېگاتىۋلىق بېشارەت» دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۇ كۈنى، بۇ ئايالنىڭ قولىقىنىڭ تۆشۈك، بىراق ھالقىسى يوق، بارماقلىرىدا ئۈزۈكنىڭ ئىزى بار، بىراق، ئۈزۈك يوق ھالىتىنى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئۇنى توي قىلمىغان ياكى ئاجرىشىپ كەتكەن دەپ پەرەز قىلدىم. ئىشخانامدىكى پىكاسسونىڭ[1] ئابستراكت رەسىملىرى ئۇنىڭدا گاڭگىراش پەيدا قىلغان ئىدى. «ماڭا ياردەم بېرەلەمسىزمۇ مۇئەللىم» دېدى ئۇ چارچىغان كالپۇكلىرىنى مىدىرلىتىپ.

ياردەم بېرىش؟! بىراۋغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن ئاۋۋال ئۇنى چۈشىنىش لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا ياردەم بېرىمەن

---

[1] پىكاسسو ــ ئىتالىيە ئەدەبىيات ــ سەنئەت گۈللىنىش دەۋرىدىكى ئاتاقلىق رەسسام.

دەپ زىيانكەشلىك قىلىپ قالدىغان ئىش بولىدۇ. ئېسىمدە قېلىشىچە، باشلانغۇچتىكى سىنىپ مۇدىرىمىز تۇنسا خانىم دائىم بىزگە ئەخمەق مايمۇننىڭ ھېكايىسىنى سۆزلەپ بېرەتتى.

بىر كۈنى دەرەخ ئۈستىدە ئويۇندىن - بۇيانغا سەكرەپ ئويناۋاتقان بىر مايمۇن كۆل ئىچىدىكى شوخ ھالدا ئۈزۈپ ئويناۋاتقان بىر بېلىقنى قامالالاپ ئېلىپ، دەرەخ شېخى ئۈستىگە قويۇپ قويۇپتۇ ۋە بېلىققا: «سېنى ۋاقتىدا قۇتقۇزىۋالمىغان بولسام سۇدا تۇنجۇقۇپ ئۆلەتتىڭ، ئاداش» دەپتۇ كۆرەڭلىگەن ھالدا.

مايمۇن ئۇچۇن سۇنىڭ ئاستىدا قېلىش تۇنجۇقۇش ھېسابلانسا، بېلىق ئۈچۈن سۇدىن ئايرىلىپ دەرەخنىڭ ئۈستىگە چىقىپ قېلىش تۇنجۇقۇش ھېسابلىنىدۇ. شۇ سەۋەبلىك بەزىدە مەلۇم كىشىگە ياردەم بەردىم دەپ ئەكسىچە، ئۇنىڭغا زىيانكەشلىك قىلىپ قويىشىمىز مۇمكىن. يۇقارقى مايمۇنغا ئوخشاپ قېلىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن ئۇنى چۈشىنىشكە ئۇرۇندۇم.

- مېنى ھەممە كىشى بەك ئاقكۆڭۈل دەيدۇ، - دەپ گەپ باشلىدى ئۇ ئايال.

- كىشىلەرنىڭ سىزنى ئاقكۆڭۈل دېيىشى ئۇلارنىڭ سىزگە بەرگەن ئەڭ تۆۋەن باھاسى، - دېدىم ئىچىمدە.

- بۇ يىل 28 كە كىرىمەن، مۇئەللىم، مۇھەببەتتە دائىم مەغلۇپ بولىمەن. ئەجىبا، مېنىڭ مۇھەببەتتىن تەلىيىم يوقمۇ؟

مۇئەللىم كەلدى.....

مۇھەببەت ئىرادىگە بويسۇنمايدۇ، بۇنى ھەممە ئاشىق بىلىدۇ. بىراق، قوبۇل قىلمايدۇ. ئۇلار مۇھەببەتنى كۈچ، بايلىق، گۈزەللىك، يىغا، كۈلكە ھەتتا زوراۋانلىق ئارقىلىق باش ئەگدۈرىمىز دەپ ئويلايدۇ. بىراق، مۇھەببەت ئۇلارنىڭ ھەممىسىنى بويسۇندۇرىدۇ. مۇھەببەت ئۆزگەرتىدۇ ۋە داۋالايدۇ. شۇنداقلا بەزىدە، قورقۇنۇچلۇق توزاقلارنىمۇ قۇرىدۇ. مۇھەببەتكە قۇلچىلىق ئارقىلىق ئېرىشىشنى ئىزدىگەنلەر ۋەيران بولىدۇ.

سۆيۈلۈش ئۈچۈن سۆيگەن كىشى ۋاقىتنى ئىسراپ قىلغان بولىدۇ. بىز تۇغما سۆيۈشكە مۇھتاج. ھەتتا، بۇ سۆيۈش بىزنى يىغا دېڭىزىغا چۆكتۈرىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، بىز يەنە سۆيۈشكە مۇھتاج.

گەرچە نۇرغۇن كىشىلەر سۆيۈشكە ۋە سۆيۈلۈشكە مۇھتاج بولسىمۇ، بىراق مۇھەببەتتە دائىم مۇداپىئە قىلىشنى تاللايدۇ.

دادا سەپەرگە چىقماقچى بولدى. بالىسى ئۇنىڭ قاچان قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، ھويلىدىكى ئاق تېرەكنىڭ يوپۇرماقلىرى چۈشكەندە، قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئېيتتى ۋە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. كۈز پەسلى يېتىپ كەلدى، يوپۇرماقلار چۈشۈشكە باشلىدى. دادىسىنىڭ قايتىپ كېلىدىغانلىقىنى ئويلاپ خۇشال بولغان بالا ئۇنىڭ قايتىپ كېلىشىنى تەقەززالىق بىلەن كۈتتى. بىراق، دادا قايتىپ كەلمىدى. ئەتىياز كەلدى. يوپۇرماقلار چىقىشقا باشلىدى. بالا ئۈمىدلەندى. كۈز كەلدى. يوپۇرماقلار چۈشۈشكە باشلىدى. بالا خوشال بولدى. بىراق، دادا يەنىلا قايتىپ

كەلمىدى.قايتا ـ قايتا ئۆمىدلەنگەندىن كېيىن، قاتتىق ئۈمىدسىزلەنگەن بۇ بالا ئۆيدىن پالتىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، دەرەخنى كېسىپ تاشلىدى. ئەمدى يومۇرماقلار چىقمايدۇ ۋە چۈشمەيدۇ. بالا ئۈمىدسىزلەنمەسلىك ئۈچۈن ئۈمىدلەرنى كېسىپ تاشلىدى.

دۇرۇس، ئۇ بالا ئەمدى ئۈمىدسىزلەنمەيدۇ. بىراق، شۇ سەۋەبلىك ئۈمىدتىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ. دۇرۇس، ئۇ ئازابلانمايدۇ. بىراق خوشاللىقتىنمۇ مەھرۇم قالىدۇ.

ئەگەر يۈرىكىڭ ئازابلىنىۋاتقان بولسا، بۇ دەل يۈرىكىڭنىڭ خوشالمۇ بولالايدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. بىز شۇنى چوڭقۇر تونۇپ يەتتۇقكى، بىزنى تاشلاپ كەتكەن كىشى قۇياشنى بىللە ئېلىپ كېتەلمەيدۇ. ھەربىر خوشلىشىشتا بىر يېڭى ئۇچرىشىش يوشۇرۇنغان بولىدۇ. مۇھەببەتكە ئېرىشىپ ئاندىن ئۇنى يوقۇتۇش مۇھەببەتكە ئەزەلدىن ئېرىشىپ باقمىغاندىن ئەۋزەل. مۇھەببەت ھەممە يەردە مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ: «ھايات نېمىدېگەن قاراڭغۇ» دەپ قاخشاش ئاقىلانىلىك ئەمەس.

ھايات تۇرمىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇق تۇرىدۇ. قاخشاش بولسا ئۇنىڭ كىرىش بېلىتى. كۆزۈڭنى ئېچىپ مەغرۇر ماڭ، يولدا ساڭا ئوخشاش نەرسىلەرنى ئىزدەۋاتقان، يالغۇزلۇق ھېس قىلغان، ساڭا ئوخشاش تەشۋىشلەنگەن، ئەلۋەتتە، ئۈمىد چىرىقىنى ئۆچۈرمىگەن كىشىلەرنى ئۇچرىتىسەن.

كۈلۈمسىرەشنى توختاتما، خۇشاللىق گۇناھ ئەمەس. ئۆزۈڭنى ئازاپلايدىغان ئىشلاردىن يىراق تۇر. ئازاپلىنىش پەزىلەت ئەمەس. ۋاز كەچمە! ئېسىڭدە بولسۇن، ئىشىكنى ئاچىدىغىنى دائىم ئاچقۇچ ھالقىسىدىكى ئەڭ ئاخىرقى ئاچقۇچ.

## مېنىڭچە، مېنى كەچۈردۈڭ

دىكابىرنىڭ ئاخىرقى كۈنلىرى، ئەتىگەن سائەت 5 بولدى. بېرلىن بۇ ۋاقىتتا سوغۇق بولۇپ كېتىدۇ. تۇمان بىلەن قاپلانغان ۋاگنېر كوچىسى مېنى قورقۇتالمىدى. بىراق، چارچىغىنىمنى ھېس قىلدىم، مۇقەددەس ناخشىنىمۇ ئەسلىيەلمىدىم. يۇرتۇمدا كىملەر مېنى سېغىنىۋاتىدۇ، كىملەر مېنى ئۇۋۇلاۋاتىدۇ، بۇ يەردە تۇرۇپ ھېچنېمىنى كۆرەلمىدىم، بىلەلمىدىم.

پويىزلار توختاپ بولدى. بىراق، رېلىسنىڭ ئاۋازى قۇلاق تۈۋىمدە. شاۋقۇنلارنى داۋاملىق ئاڭلاشقا مادارىم قالمىدى. ئەمما، بەرداشلىق بەر! دەپ ئۆزۈمدىن ئۆتۈنۈپ كېلىۋاتىمەن. ساڭا ۋەدە بەرگەن يەردە داۋاملىق ساقلاشقا جاسارىتىم قالمىدى. ئەمما، تۇرۇشقا تېگىشلىك جايدا تۇرۇشۇڭ كېرەك! دەپ ئۆزۈمگە بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كېلىۋاتىمەن.

بۇ بىر پارچە خەتنى سەندىن ئاددىي ئەھۋال سوراش ئۈچۈن يازدىم.

ئاخشام چۈشۈمدە، بىر تال ئەتىرگۈلنى چىشلىۋاپسەن، ئارقىڭدا بىر سېگان ئوغرى مارىلاپ يۈرگەندەك، چىرايلىق يامغۇرلۇق چاپىنىڭمۇ يىرتىلىپ كېتىپتۇ. ماڭا قارىدىڭ، كۆزۈمنى دەرھال سەندىن ئېلىپ قېچىپ، ئاياغ بوغقۇچۇمغا

قارىۋالدىم. بۇ خىل ئازاپنىڭ تەمى كىسلاتانىڭ تەمىدە بولىدىكەن.

ئائىلىسام قۇملۇقنىڭ ئوتتۇرىسىغا كىچىك كەپە ئۆيدىن بىرنى سېلىۋاپسەن. كۇندىلىك خاتىرە يېزىشنى ئۆگىنىپسەن. سەن ئۇچۇن يېزىپ بەرگەن «يامغۇر» ناملىق شېئىرىمنى خاتىرەڭنىڭ باش بېتىگە يېزىپ قوي.

ئائىلىسام، ئىككىمىز دائىم بارىدىغان كىچىك ئورمانلىق يوقاپ كەتكەندىن بىرى يەنە يوشۇرۇنىدىغان باشقا جاي ئىزدەپ يۈرۈپسەن. ھەممە ئادەم بىلىپ بولغان سىرلارنى يەنە يوشۇرۇشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

كىيىمنىڭ ئاستى تېشىلدى. كاپىتان يالغان سۆزلىدى. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىر بولسا دەرەخ كېسىلىدۇ، بىر بولسا ئىت ئۆلىدۇ. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. قىزنىڭ يۈرىكىنى ئاچساڭ، دادىسىنىڭ جەسىتى چىقىدۇ. بۇنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. يېشىڭنىڭ چوڭىيىشىغا ئەگىشىپ بوينۇڭدا پەيدا بولغان قورۇقلارنى يوشۇرۇشۇڭنىڭ تېخىمۇ ھاجىتى يوق. كۆزلىرۈم ئۇ قورۇقلارنى كۆرمەسلىك ئۇچۇن ئاللىبۇرۇن خىرەلىشىپ بولدى.

سۆزلىرىڭ بولسا ئېيت! كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. ئۇخلاپ قالغىنىمدا چۈشلىرىمنى ئوغۇرلاپ كەتكىنىڭدىمۇ ۋە مەن ئۇچۇن كولانغان قەبرىلەرنىمۇ كۆڭلۈمگە ئالمىغان. ئوخشاشلا شەرتسىز تەسلىم بولۇشنى، ھەتتا ئۆلۈمنىمۇ كۆڭلۈمگە ئالمايمەن. پەقەت مېنىڭ ئۆلۈمىم ساڭا ئۆلۈمدىنمۇ ئېغىر ئازاپ ئېلىپ كېلىشىدىن قورقىمەن، خالاس.

ھەممىشە قامەتلىك ئەرلەرنى ياختۇرىدىغانلىقىڭنى تىلغا ئالاتتىڭ. بىراق، ماڭا كەلگەندە بۇ قائىدىنى بۇزۇپ تاشلىدىڭ. سەن بىر مۇڭلۇق مۇزىكىغا ئوخشايسەن دەيتتىڭ. بىر قېتىم يىغلاپ تۇرۇپ «داۋۇتنىڭ تەڭرىنى خوشال قىلالايدىغان بىر مۇزىكىسى بار ئىكەن، ماڭا شۇنى تېپىپ بەر» دەپ جىدەل قىلدىڭ. مەن ئۇ مۇزىكىنى تاپتىم. ئېسىڭدىمۇ، ئېتىزغا بېسىۋالغان ۋاقتىمدا، ئېھتىياتسىزلىقتىن بېشىڭدىكى ياغلىق چۈشۈپ كەتكەنىدى. ئۇنىمۇ تاپتىم. سېنى تۇنجى سۆيگىنىمدە، شاكىلات يېگەنلىكىڭنى ئېيتقانىدىڭ. بىراق، مەن سۈتنىڭ تەمىگە ئوخشايدىغان بىر خىل تەمنى تېتىغانىدىم. بۇ تەمنى تېخىچە تاپالمىدىم.

كۆڭلۈمنى يېرىم قىلما! ئۇلار سوۋغاتلارنى قانداق ئالماشتۇرۇشنى بىلمەيدۇ. شەپەقلەرمۇ يارىلاندى. توي ئۈزۈكلىرى گۆرۈخانىغا قويۇلدى. كېلىنچەك يىغلاي دېسە بېشىنى قويغۇدەك مۈرە يوق. ئاتلار يۈگۈرەۋاتىدۇ... قىزچاق بەكلا كىچىك.

بىراق، ئەنسىرىمە! ئۇسسۇلغا چۈش، چاشلىرىڭ چۈشۈپ كەتكۈچە، تەشۋىشلىرىڭ يوقالغۇچە، مۇھەببەتنىڭ چېكىنى بىلگۈچە ئۇسسۇلغا چۈش. ئەنە شۇ كۈنى گۇۋاھچىلار غايىب بولىدۇ. مەرمەر تاشنى سۈرتۈشتىن توختايسەن، ئالدىڭدا پەيدا بولىمەن. پەلەيسىز قوللىرىم بىلەن قولۇڭنى تۇتۇپ، كاكتۇس دەرىخىنىڭ يېنىدا ئۇيقۇغا كېتىمىز.

ھەر قېتىم ئاچچىقلانغىنىڭدا، مۇھەببەت سەن ئۈچۈن ئاددىي بىر سۆز بولسا، مەن ئۈچۈن ئايەتتۇر، دېيىشنى

ئۇنۇتمايتتىڭ. مۇشۇ كۈنلەردە ئۆز-ئۆزۈمـدىن مەن ئـۇنى سۆيۈپ باققانمۇ؟ ئۇ ماڭا ئىشىنىپ خاتا قىلغـانمۇ؟ دېـگەن سوئاللارنى كۆپ سورايدىغان بولۇپ قالدىم.

ئاڭلا جېنىم! ساڭا بىر خۇش خەۋەر ئېيتاي، مەن ئاخىرى ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىنى يارىتىپ چىقتىم. بـۇ يەردە يـۈرەكلەر تىكەنلەردىن خالىي، نەپەسلىرىم شۇنداق ئاستا ۋە رېتىملىق، يۇلتـۇزلارنى خالىغـان ۋاقىتتـا تۇتـالايمەن. مەن مۇشـۇ دۇنيارىمدا ياشاشنى ۋە ئۆلۈشنى تاللىدىم.

مېنىڭچە، مېنى كەچۈردۈڭ! سېنى سېغىندىم.

## ئۇلار غالبلاردىن ئەمەس

كىشىلەرنىڭ كۆپىنچە قىلغان دۇئالىرى ئادەتتە ئۇنۇمسىز بولىدۇ، ھەتتا تەتۈرىگە ماڭىدۇ. چۈنكى كىشىلەر مەلۇم نەرسىنى تىلىگەندە، ئۆزىنىڭ مۇھتاجلىقىنى ئىپادىلەيدۇ. مۇھتاجلىقنى ئىپادىلىگەندە بولسا، ئۆزىدە ئاشۇ نەرسىنىڭ كەملىكىنى ئېتىراپ قىلىدۇ ۋە ئۇنىڭغا ئىشىنىدۇ. بۇ خىل كەملىك تۇيغۇسى ماھىيەتتىكى دۇئا بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. نەتىجىدە، تېخىمۇ كېمىيىشنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ.

كۇانت مەيدانى بولسا كىشىلەرنىڭ ئارزۇسى بويىچە ئەمەس، بەلكى كىملىكى ئېتىقادىي بويىچە ھەرىكەت قىلىدۇ ۋە جاۋاب قايتۇرىدۇ. ئادەملەر ئېرىشىشنى ئارزۇ قىلىدىغان ياكى تىلەش ئارقىلىق ئېرىشمەكچى بولىدىغان بارلىق نەرسىلەر ئەسلىدىنلا ئۇنىڭدا «بار» بولغان بولىدۇ. «بار» ئىكەنلىكىنى بىلگەن ھامان ۋە ئىشەنگەن ھامان، ئۇنىڭ ھاياتى مول ـ ھوسۇللۇق بىلەن تولىدۇ.

روھىيەت ئىلمىدىكى يەنە بىر قانۇنىيەت بولسا، «بار»غا بېرىلىدۇ، «يوق»تىن ئېلىنىدۇ. مانا بۇ دەل، شۈكرى(مىننەتدارلىق)نىڭ غايەت زور كۈچكە ئىگە بولۇشىنىڭ سەۋەبى. بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان شۈكرى قانداقتۇر پاسسىپ قانائەت قىلىش بولماستىن، بەلكى ئاكتىپ قوبۇل قىلىشنى كۆرسىتىدۇ. ئەگەر سىز غايەت زور بايلىققا ئىگە بولماقچى

بولسىڭىز «ئالدىن شۈكرى» قىلىشىنى، يەنى تەسەۋۋۇرنى مەشىق قىلىڭ. چۈنكى ئادەم مېڭىسى تەسەۋۋۇر بىلەن رېئاللىقنى ئوخشاش ئىنكاس قايتۇرىدۇ.

بىر كۈنى، دوستۇم ئىبراھىم ئۆزىنىڭ بىر تونۇشىنىڭ مەن بىلەن كۆرۈشۈپ، مەسلىھەت ئالماقچى ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭغا بىر قېتىم ياردەم بېرىشىمنى ئۆتۈندى.

بىر شائىر «ھېچقانداق كىشى يالغۇز ئارال ئەمەس» دەپ يازغان. كىشىلىك تۇرمۇشتا بىز باشقىلارغا ياردەم بېرىشكە ۋە باشقىلاردىن ياردەم ئېلىشقا مۇھتاج بولۇپ تۇرىمىز. بىراق قىزىقارلىق يېرى شۇكى، كىشىلەر بىزنىڭ ئۇلارغا ياردەم بېرىشىمىزنى ئاڭسىز ھالدا توسۇپ قويىدۇ. ئادەملەرنىڭ ئاجىزلىقى شۇكى، كۆپىنچە كىشى ئۆزىنىڭ كۆز قاراشلىرىنى توغرا دەپ قارايدىغان بولۇپ، قىلغان گەپلىرىنىڭ ھەممىسى قىلىۋاتقان ئىشىنىڭ توغرىلىقىنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن خىزمەت قىلىدۇ. ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى «توغرا»غا باشقىلارنى سۆرەپ كىرمەكچى بولىدۇ. ئۇلارنىڭ مەسلىھەت ئالمەن دېگىنى بولسا، كۆپىنچە ئەھۋاللاردا «مېنىڭكىنى توغرا دەپ بەرسىڭىز»دىن پەرقلىنىپ كەتمەيدۇ.

ئادەتتە، ئالدىراپ بىرەرسىگە مەسلىھەت بېرىشكە قوشۇلۇپ كەتمىسەممۇ، دوستۇم ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتۇم. دوستۇم «ھاجىم» دەپ چاقىرىدىغان بۇ كىشىنىڭ ھەقىقىي ئىسمىنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيمەن، شۇنداقلا بىراۋنى «ھاجىم» دەپ تونۇلاشقىمۇ بەك قىزىقىپ كەتمەيمەن.

شۇ سەۋەبلىك باشتىن-ئاخىرى ئــۇ كىشــىنى «ســىز» دەپ تۇرۇپ پاراڭلاشتىم.

بىز «چوپان» دەپ ئاتىلىدىغان بىر كىچىــك ئاشــخانىدا كۆرۈشــتۇق. «هــاجىم» توختىمــاي ئۇســتەل ئۇســتىدىكى نەرسىلەرنى رەتلەيتتى. بۇ دەل ئۇنىڭ كاللىسىنىڭ قالايمىقان ئىكەنلىكىــدىن دېــرەك بېرەتتــى. مەن تامــاق يــېگەچ پاراڭلىششنى ياقتۇرمىغانلىقىم ئۈچۈن، ئۇلارنىڭ تاماق يېگەچ پاراڭلىششنى ياقتۇرىدىغانلىقى بىلەن كارىم بولماي، تامىقىمنى يېيىشكە باشــلىدىم. تامــاق يېيىلــىپ بولغــان هامــان مەن ئۇنىڭدىن:

-ئەگەر سىز هېچكىم يوق بىر قاۋاق جايــدا بىــر ئىتقــا ئۇچراپ قالسىڭىز ئۇنى قانداق يېڭىسىز؟-دەپ سورىدىم.

تۇيۇقسىز سورالغان بــۇ ســوئالىمدىن هەيــران قالغــان «هاجىم» نېمە دېيىشنى بىلەلمەي قالــدى يــاكى بىلســىمۇ دېمەسلىكنى قارار قىلدى. مەن گېپىمنى داۋاملاشتۇرۇپ:

-ئىتنى يېڭىش ئۈچۈن سىز ئىتقا ئــايلانمىقىڭىز لازىــم. شۇندىلا ئۇ سىزدىن قورقىدۇ. ئۇ چاغــدا ســىز ئىتقــا، ئــۇ ئادەمگە ئايلىنىپ قالىدۇ، بىراق ئۇنداق قىلالمايسىز. چۈنكى ئىتقا ئايلىنىشتىن نومۇس قىلىسىز. بىر ئايالغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ياكى كۆڭلىنى ئۇتۇش ئۈچۈن ئايالغا ئايلانماق لازىم. بىراق سىز ئۇنداق قىلالمايسىز، نومۇس قىلىسىز. بــالىڭىزنى تەربىــيەلەش ئۈچــۈن بالىغــا ئايلانمــاق لازىــم. بىــراق، قىلالمايسىز، نومۇس قىلىسىز.

ئادەم ۋۇجۇدىدا ھەممە خارەكتىر ۋە ھەممە خۇسۇسىيەت تەڭلا مەۋجۇت بولۇپ تۇرىدۇ. بۇ خارەكتىر ۋە خۇسۇسىيەتلەر سىزنىڭ قورالىڭىز ھېسابلىنىدۇ. دۇنيا بەزىدە سىزدىن قەيسەرلىكنى تەلەپ قىلسا، بەزىدە تەسلىم بولۇشنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزىدە مېھرىبانلىقنى تەلەپ قىلسا، بەزىدە رەھىمسىزلىكنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزىدە كۈچلۈك بولىشىڭىزنى تەلەپ قىلسا، بەزىدە ئاجىز بولىشىڭىزنى تەلەپ قىلىدۇ. بەزىدە ئەقىللىق بولماق لازىم، بەزىدە دۆت بولماق لازىم. لاۋزې[1] بۇ ھەقتە «سەن ھېچنېمە ئەمەس، شۇڭا سەن ھەممە نەرسە» دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان.

ئەمەلىيەتتە، بۇ گەپلەرنى «ھاجىم»غا ئەمەس، دوستۇم ئىبراھىمغا ئېيتقانلىقىمنى ئۇ بىلىپ تۇراتتى. تاماق ئۈستىلىدىن قوپۇشتىن بۇرۇن «ھاجىم» مېنىڭ دۇئا قىلىپ بېرىشىمنى سورىدى. مەن كۈلۈپ كەتتىم ۋە ئۇنىڭغا:

- مەن دۇئا قىلىشنى ئانچە بىلىپ كەتمەيمەن. مېنىڭ ئورنۇمغا مۇئەللىم دۇئا قىلىپ بەرسۇن، - دېدىم.

مۇئەللىم كەلدى.....

مەن ئەسلى بىر ياخشى ئادەم ئىدىم، بىراق، دۇنيا ماڭا ئادىل بولمىدى. بۇ كېلىشمەسلىك ۋە قىيىنچىلىقلار ماڭا كەلمەسلىكى كېرەك ئىدى، دېگەنلەرگە لەنەت بولسۇن، ئۇلار غالىبلاردىن ئەمەس. شۇنداقلا ھەممىگە مەن ئەيىبكار، مەن گۇناھكار دەپ ئاھ ئۇرۇپ بىچارە بولۇۋېلىش كېسىلىگە

---

[1] لاۋزې - مىلادىدىن ئىلگىرىكى 6 - ئەسىرلەردە ياشاپ ئۆتكەن دۆلىتىمىز ئۇلۇغ پەيلاسوپى ۋە مۇتەپەككۇر.

گىرىبدار بولغانلارغا لەنەت بولسۇن. ئۇلارمۇ غالىبلاردىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار ئالەمنىڭ «بېشىڭدىكى ھەربىر چاچنىڭ سانى بار» دېگەن قائىدىسىنى بىلمەيدۇ.

ئاقكۆڭۈل بولدۇم دەپ ئەقىل تېپىشتىن، بىلىم ئېلىشتىن ۋاز كەچكەنلەرگە لەنەت بولسۇن، ئۇلار غالىبلاردىن ئەمەس. چۈنكى ئۇلار بارلىق ئاجىزلىقنى ئاقكۆڭۈللۈك ئاستىغا يوشۇرىدۇ. ئەقلىم بار دەپ ئاقكۆڭۈللۈكتىن ۋاز كەچكەن ئۇ كىشىلەرگىمۇ لەنەت بولسۇن، چۈنكى ئۇلار تۇتقۇچى يوق قىلىچنىڭ ئۆزىنى يارىلاندۇرىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. بۇ ئىككى خىل كىشى غالىبلاردىن ئەمەس. ئۇلار ئالەمنىڭ «يىلاندەك ھىيلىگەر بول، ئاق كەپتەردەك زىيانسىز بول» دېگەن قائىدىسىنى بىلمەيدۇ.

باشقىلاردەك يازالمايمەن دەپ قولىغا قەلەم ئېلىشتىن قورققانلارغا، باشقىلاردەك چالالمايمەن دەپ سەھنىگە چىقىشتىن قورققانلارغا، شۇنداقلا قولىغا قەلەم ئېلىۋېلىپ مەندىن نوچىسى يوق دېگەنلەرگە ۋە سەھنە مەڭگۈ مېنىڭ دەپ جار سالغانلارغا لەنەت بولسۇن. ئۇلار غالىبلاردىن ئەمەس. ئۇلار ئالەمنىڭ «چەكسە ئېچىلمايدىغان ئىشىك يوق، چېكىشتىن زېرىككەنلەر بار» دېگەن قائىدىسىنى بىلمەيدۇ.

يەپ-ئىچىپ تويۇپ، ئاشۇ تويۇشلاردىن يالغۇزلۇق ۋە مەنىسىزلىك ھېس قىلىدىغانلار بىچارىدۇر. شۇنداقلا يېمەي-ئىچمەي مەن ئەۋلىيا بولدۇم، دەپ كوچىلاردا سۆزلەپ يۈرىدىغانلار بىچارىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئالەمنىڭ «ئەگەر مەن

ئۆزۈمگە ئۆزۈم گۇۋاھچى بولسام، مېنىڭ گۇۋاھلىق سۆزۈم يالغاندۇر» دېگەن قائىدىنى بىلمەيدۇ.

ئۆزىدىن باشقا ھېچكىمنى كۆرمەيدىغان، كىشىلەرگە قىلچە مەنپەئەت يەتكۈزمەيدىغان، ئالىي ماشىنا ۋە ئۆيلەرگە ئۆزىنى سولىۋېلىپ يالغۇزلۇق ئىچىدە يىغلاۋاتقانلار بىچارىدۇر. شۇنداقلا ئۆزىگە ياردەم بېرىشتىن قورقۇپ، باشقىلاردىن ھاسا تىلەش ئۇچۇن پۇتلىرىنى سۇندۇرىۋالىدىغان ئۇ كىشىلەر تېخىمۇ بىچارىدۇر. چۈنكى ئۇلار ئالەمنىڭ «قەلىمى يوقلار كىيىملىرىنى سېتىپ قەلەم ئالسۇن، كىيىمى يوقلار قەلىمىنى سېتىپ قەلەم ئالسۇن » دېگەن قائىدىسىنى بىلمەيدۇ.

## يۈرەكلىك بولقا

كۆپىنچىمىز ئادەتتە قورقۇنچاق كېلىمىز. ئامال بار باشقىلار بىلەن سۈركىلىش پەيدا قىلىشتىن ۋەياكى باشقىلارنى خاپا قىلىپ قويۇشتىن ساقلىنىشقا تىرىشىمىز. چۈنكى ھەممە ئادەمنىڭ بىزنى ياخشى كۆرۈشىنى ئۈمىد قىلىمىز. ئەلۋەتتە، بەزى چاغلاردا قاپ يۈرەك ۋە قورقماس بولۇشىنى، كۆز قاراشلىرىمىزنى دادىل ئوتتۇرىغا قويۇشنى ئۈيلىساقمۇ، ئەمەلىيەتتە قىلالمايمىز. بۇ قاپ يۈرەكلىك تۈپەيلى باشقىلارنىڭ بىزگە ئۆچ بولۇپ قېلىشىدىن ئەنسىرەيمىز.

گەرچە بۇ خىل قورقۇنچاقلىقنى باشقىلارنى ئويلاش دېگەن گۈزەل سۆز بىلەن نىقابلىساقمۇ، ئۆزىمىزگە ئىنتايىن ئېنىقكى، بۇ پەقەت بىزدىكى جۈرئەتسىزلىك خالاس. شۇنداقلا باشقىلارنى ئويلاش ئەمەس بەلكى ئۆزىمىزنى ئويلاشتىن باشقا نەرسە ئەمەس.

ئەمەلىيەت شۇكى، يۈرەكلىك ۋە دادىل كىشىلەرنى باشقىلار ياخشى كۆرىدۇ، چۈنكى ئۇلار ئادەمگە بىخەتەر، ئازادە تۇيغۇ بېرىدۇ. ئۆزىمىزنى قانچە جىددىيلەشتۈرۈۋالغانسېرى قارشى تەرەپنىمۇ شۇنچە جىددىيلەشتۈرىمىز. ئۆز ھېسسىياتىمىزنى قانچە يوشۇرغانسىرى، قارشى تەرەپنىمۇ بەلگىلىك مۇداپىئە پەيدا قىلىپ قويىمىز. شۇڭا دائىم ئوڭايسىز ھېس قىلىدىغان كىشىلەرنىڭ ئالدىدا بىزمۇ تەبىئىيلا ئوڭايسىزلىنىمىز.

بىز يۈرەكلىك كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ ئەتراپىدا بولۇشنى ياخشى كۆرىمىز. ئۇلارنىڭ يۈرەكلىك ۋە ئۆزىگە ئىشىنىش روھى بىزنى يۇقۇملاندۇرىدۇ، شۇنداقلا بىزنى بۇرۇختۇرمىلىقتىن تارتىپ چىقىدۇ. روھى ئىسكەنجىدىن قۇتۇلغاندەك ھېس قىلىمىز.

ئەلۋەتتە، ھېچقانداق ئادەم تۇغما يۈرەكلىك بولۇپ تۇغۇلمايدۇ. ھەتتا ناپالىئون[1] بوناپارتمۇ ئۆزىدىكى بۇ خىل قورقماس ئالاھىدىلىكنى ئاستا-ئاستا يېتىلدۈرگەن. ئادەتتىكى تۇرمۇشتا ئۇ بىر يېقىمسىز ۋە قورقۇنچاق كىشى ئىدى. قاپ يۈرەكلىكنىڭ غايەت زور كۈچكە ئىگە ئىكەنلىكىنى ۋە ئادەمنى چوڭئايتىش خۇسۇسىيىتىنىڭ بارلىقىنى تونۇپ يەتكەن ناپالىئون ھاياتىنىڭ ھەر بىر قىسمىلىرىدا قورقۇنچاق ھالىتىنى يېڭىشكە بەل باغلىغاندى.

بىزمۇ بۇ خىل يۈرەكلىك خارەكتىرنى يېتىلدۈرۈشىمىز ۋە مەشىق قىلىشىمىز كېرەك. ئۇنى يېتىلدۈرۈشنىڭ ئەڭ ياخشى جايى بولسا سۆھبەت ۋە مۇنازىرە جەريانىدىكى ئۆزىمىزنىڭ باھاسىنى بېكىتىدىغان پەيتلەردۇر.

كۆپىنچە كىشىلەر كۆپىنچە ۋاقىتلاردا، ئۆزىگە تۆۋەن باھا قويۇشقا ئادەتلەنگەن. ئەينى ۋاقىتتا كولومبو ئىسپانىيە خان جەمەتىدىن ئۇنىڭ ئامېرىكىغا بارىدىغان بارلىق چىقىملىرىنى كۆتۈرۈشنى ۋە شۇنداقلا «ئوكيان ئۇلۇغ گېنىرالى» دېگەن نامنى بېرىشنى تەلەپ قىلغان ئىدى. دەرۋەقە، ئۇ ئوتتۇرىغا

[1] ناپالىئون بوناپارت-فرانسىيەنىڭ ئەينى دەۋردىكى ھەربىي ۋە سىياسىي رەھبىرى.

قويغان بۇ شەرتلەر ئورۇندالدى. كولومبو كىشىلەردىن ئۆزىگە تېگىشلىك ھۆرمەتنى تەلەپ قىلدى، نەتىجىدە ھۆرمەتلەندى. چۈنكى ئۇ باشقىلار ئۇنى ھۆرمەتلەشتىن بۇرۇنلا ئۆزىنى ھۆرمەت قىلىپ بولغانىدى. باشقىلارنىڭ بىزگە تۇتقان مۇئامىلىسى ئەمەلىيەتتە ئۆزىمىزنىڭ ئۆزىمىزگە تۇتقان مۇئامىلىمىز بىلەن ئوخشاش بولىدۇ.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئۆزۈڭگە باھانى ئاۋۋال يۇقىرى قوي، ئاندىن تېخىمۇ يۇقىرى قوي. كىشىلەر سەندىكى ئاجىزلىقنى تەبىئىي ھالدا ھېس قىلالايدۇ. تۇنجى كۆرۈشۈشتىلا ئۆزۈڭنىڭ مۇرەسسە قىلىشنى خالايدىغانلىقىڭنى ۋە چېكىنىشكە تەييارلىق قىلىشنى ئىپادىلىگەن ھامان، توشقاندەك ئاقكۆڭۈل كىشىلەرمۇ ساڭا شىردەك خىرس قىلىشقا باشلايدۇ.

كىشىلىك مۇناسىۋەتلەردە كۆپىنچە ئەھۋاللاردا سىنىڭ قانداق ئادەم بولۇشىڭدىن، باشقىلارنىڭ سىنى قانداق ئادەم دەپ ئويلىشى تېخىمۇ مۇھىم بولۇپ قالىدۇ. ئەگەر ئۇلار سىنى ئاجىز دەپ ئويلىغاندا ئىتتىرىشكە باشلايدۇ. كىشىلەرنىڭ تەلىپىنى ئورۇندىغانسىرى ئۇلارنىڭ تەلىپى كۆپىيىپ بارىدۇ.

قارا، ئاۋۇ ئائىلەم ئۈچۈن بارلىقىمنى بېغىشلايمەن، دېگەن ئايال ئاخىرى ئۆز ئائىلىسىنىڭ قۇلىغا ئايلىنىپ قالىدۇ. ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ خاتالىقى، مۇھەببەتكە ئېرىشىش ئۈچۈن بەدەل تۆلىشىم كېرەك، بەدەل تۆلىگەندىلا ئۇلارنىڭ ياخشى كۆرۈشىگە ئېرىشىمەن، دەپ ئويلاپ قېلىش.

ئەگەر ئۇ ئايال ئۆزىنىڭ شەرتسىز مۇھەببەتكە ئېرىشىشكە لايىق ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن بولسا ئىدى، ئىشلار باشقىچە بولاتتى. قارارلىرىڭدا، سۆھبەتلىرىڭدە، كېلىشىملەردە ھەتتا مۇھەببەتتە قانچە قورقماس بولساڭ، شۇنچە چوڭ، كۈچلۈك كۆرىنىسەن ۋە بولىسەن. سۆيگۈنۈڭمۇ ئۇنىڭ قولىنى تارتىپ ھېچكىم بىرىپ باقمىغان يەرلەرگە باشلاپ بېرىشىڭنى ئارزۇ قىلىدۇ.

يۈرەكلىك بولۇش، ھەرگىزمۇ ئويلاش ئارقىلىق ۋۇجۇدقا چىقمايدۇ. ئەگەر بىر بولۇقا دائىم «مەن بۇ مىخنى ئىككىنى ئۇرۇپلا كىرگۈزىۋېتەلەيمەن» دەپ ئويلاپلا قويسا بىراق ھەرىكەت قىلمىسا، ئۇ مەڭگۈ كېرەكسىز بولىقىدۇر.

كۈچلۈك ۋە قورقماس بولۇشنىڭ بىرىنچى قەدىمى بولسا ئۆزۈڭنىڭ نومۇس قىلىۋاتقان ئاجىز تەرەپلىرىڭنى ۋە سېنى ۋەھىمىگە سېلىۋاتقان قورقۇنچلىرىڭنى ئاۋۋال ئۆزۈڭگە، ئاندىن ياخشى كۆرگەن ئادىمىڭگە، ئاندىن باشقىلارغا ئېيتىشتۇر.

كارىۋاتنىڭ ئاستىدىكى ئۆلۈك چاشقاننى تېپىپ يوقاتمىغۇچە، ئۆيدىكى سېسىق بەدبۇي پۇراق تۈگىمەيدۇ. قەلبىڭدىكى قورقۇنۇچلارنى ئۆلۈك چاشقاننى ئېلىپ تاشلىغاندەك چۆرۈپ تاشلا.

ئالدىڭدىكى ئېرىقتىن قورقۇنۇچلىرىڭ يەسىگەندە سەكرەيمەن دېسەڭ، مەڭگۈ سەكرىيەلمەيسەن. ئەكسىچە، قورقۇپ تۇرۇپ سەكرەيسەن، شۇ ھامان قورقۇنۇچ غايىپ بولىدۇ.

## ۋاقت نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ

ۋاقت مەڭگۈلۈكتىن چەكلىكلىكنى ياساش ئۈچۈن، شۇنداقلا ئىنسانلىق ماھىيىتىمىزنى تېخىمۇ گەۋدىلەندۇرۇش ئۈچۈن كەشىپ قىلىنغان سۈنئىي ئۇقۇم. ۋاقت كەشىپ قىلىنغاندىن تارتىپ بىز ۋاقىتنى، ۋاقت بىزنى ئالداپ كەلمەكتە. بالىلىق ۋاقت ئۇزۇن ۋە ئاستا بولىدۇ؛ ياشلىق ۋاقت ئادەمنى ھەيران قالدۇرغىدەك دەرىجىدە تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ؛ ۋاقىتنىڭ تېز ياكى ئاستا بولۇشىنى ئۆزىمىز بەلگىلەيمىز. بۇ دەل ۋاقت توغرىسىدا تۇنجى بىلىشكە تېگىشلىك قائىدە.

بۈگۈن مەن ئۈچ خىل ۋاقت توغرىسىدا توختىلىمەن. بىرىنچىسى بولسا بىزدىن سەۋر ـ تاقەت تەلەپ قىلىدىغان ئۇزۇن ۋاقت بولۇپ، سەۋر ۋاقت دەپ ئاتىلىدۇ؛ ئىككىنچىسى، رەقىبىمىزگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان ئىستراتېگىيەلىك ۋاقت؛ ئۈچىنچىسى، پىلاننى تاماملاش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان، تېزلىك ۋە كۈچ تەلەپ قىلىدىغان ئىجرا ۋاقت.

سەۋر ۋاقت.....

مەلۇم بىر ئىشنى قىلغاندا، قورقۇش ۋە جىددىيلىشىش تۈپەيلى قىلىۋاتقان ئىشىڭىزنى تېزلەتكەن بولسىڭىز، ئىشنى تۈگەتكەن ۋاقتىڭىزدا نۇرغۇن مەسىلىلەرنى بايقايسىز ۋە ئۇنى

ھەل قىلىش ئۈچۈن يەنە نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىسىز. ئالدىراقسان كىشىلەر مەلۇم نۇقتىغا بالدۇرراق بېرىشى مۇمكىن، بىراق ئالدىراقسانلىقتىن كېلىپ چىققان يېڭى خەتەرلەر ۋە مەسىلىلەر ئۇلارنى كىرىزىسكە پاتۇرۇپ قويىدۇ. نەتىجىدە، باشتىن باشلاشقا توغرا كېلىدۇ.

*ئالدىراش شەھەرگە ماڭغان بىر يولۇچى دەريادىن ئۆتۈش ئۈچۈن بىر كېمىگە ئولتۇرۇپتۇ. ھەمدە كېمىچىگە ئۆزىنىڭ ئىنتايىن ئالدىرايدىغانلىقى، شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىشتىن بۇرۇن شەھەرگە كىرىپ، ۋەزىرگە بىر نەچچە مۇھىم مەكتۇپنى تاپشۇرۇش كېرەكلىكىنى ئېيتىپتۇ. ئۇ كىشى كېمىچىدىن قانداق قىلغاندا شەھەرگە تېز بارغىلى بولىدىغانلىقىنى سورىغاندا، كېمىچى ئۇنىڭغا: «ئاستا ماڭسىڭىز تېز يېتىپ بارالايسىز» دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.*

*كېمىچىنىڭ بۇ گېپىگە ئانچە پەرۋا قىلمىغان يولۇچى ئالدىراش ھالدا كېمىدىن چۈشۈپ، شەھەر دەرۋازىسى بار تەرەپكە قاراپ يۈگۈرۈپتۇ. دەرۋەقە يولنىڭ يېرىمىغا كەلگەندە، بىر كىچىك تاشقا پۇتلىشىپ يىقىلىپتۇ ۋە قولىدىكى بارلىق مەكتۇپ ۋە ماتېرىياللار تۆت ئەتراپقا چېچىلىپ كېتىپتۇ.ئۇلارنى بىردىن-بىردىن تېرىپ بولغۇچە شەھەر دەرۋازىسى تاقىلىپ بوپتۇ. شۇ ۋاقىتتا، ئۇ ئاندىن كېمىچىنىڭ «ئاستا ماڭسىڭىز تېز يېتىپ بارالايسىز دېگەن سۆزىنى چۈشىنىپتۇ.*

بەزى چاغلاردا ئادەم نېمە قىلارىنى بىلمىگەندە، ھېچ ئىش قىلماسلىقمۇ بىر ئاقىلانە تاللاشتۇر. سەۋر بىلەن ساقلاش سىز

تەسەۋۋۇر قىلىپمۇ بولالمايدىغان يېڭى پۇرسەتلەرنى ئاتا قىلىدۇ. تېز سۈرئەتتە ھەرىكەت قىلىۋاتقان ئادەم مېڭىسى توختاۋسىز جىددىيلىك ۋە ئالدىراقسانلىقتىن قۇتۇلۇپ ئاستىلىغاندا پۇرسەتلەر، مۇمكىنچىلىكلەر، شۇنداقلا رېئاللىق تېخىمۇ ئېنىق كۆرۈنىدۇ.

ئىستراتېگىيەلىك ۋاقىت.....

سودا بىر جەڭگە ئوخشايدۇ. قارشى تەرەپنىڭ ۋاقتىنى قالايمىقان قىلىش، يەنى قارشى تەرەپنى قەستەن ساقلىتىش، ئالدىرىتىش ۋە ئۇلارنى ئۆزىنىڭ ۋاقىت ئۇدارىدىن چىقىرىپ تاشلاش ئىستراتېگىيەلىك ۋاقىت دەپ ئاتىلىدۇ.

ئۆزىڭىزنىڭ سەۋرچانلىقىنى يوقاتمىغان ھالدا قارشى تەرەپنىڭ سەۋر-تاقىتىنى بۇزىۋېتىش جەڭدە يېرىم غەلبە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. قارشى تەرەپ سىزنىڭ قەستەن قىلىۋاتقانلىقىڭىزنى بىلمىگەن شەرت ئاستىدا، ئۇلارنى ساقلىتىش ئىنتايىن كۈچلۈك ئىستراتېگىيە ھېسابلىنىدۇ. بۇ چاغدا سائەتنىڭ ئىسترېلكىسىنى سىز باشقۇرىسىز. سەۋرچانلىقى بۇزۇلغاندا قارشى تەرەپ سىزگە نۇرغۇن ئاجىزلىقىنى ئاشكارىلاپ بېرىدۇ.

شۇنى ئېسىمىزدە ساقلىشىمىز كېرەككى، ئويلاشقا يېتەرلىك ۋاقىت چىقىرالمىغان كىشىلەر خاتالىقنى ئەڭ كۆپ سادىر قىلغۇچىلاردۇر.

ئىجرا ۋاقىت.....

سەۋرچانلىق بىلەن كۈتىڭىز، ئاساسىڭىز پۇختا، تەييارلىقىڭىز ياخشى بولدى. بىراق قانداق ئاخىرلاشتۇرۇشنى

بىلمىسىڭىز، بارلىق ئىشلىرىڭىز نۆلگە تەڭ بولىدۇ. پەيتى پىشىپ يېتىلگەندە ئىككىلەنمەستىن ھەرىكەت قىلىپ ۋەزىپىنى تاماملىماي «سەۋرچانلىق قىلىۋاتىمەن» دەپ ئىشلارنى ئارقىغا تارتىش غالىبلارنىڭ خۇسۇسىيىتى ئەمەس. ئىجرا ۋاقتىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولسا تېز ھەم شىددەتلىك بولۇشتۇر.

بۈركۈت ئاسماندا سەۋرچانلىق بىلەن ئولجىنى كۆزىتىپ، ئۈزۈندىن-ئۈزۈنغا ئايلىنىپ يۈرىدۇ، پەيتى كەلگەندە ئاسماندىن چاقماق تېزلىكىدە ئېتىلىپ بارىدۇ، توشقان نېمە ئىش بولغىنىنى بىلىپ بولغۇچە بۈركۈتنىڭ يېمەكلىكىگە ئايلىنىپ بولىدۇ. ئىجرا ۋاقتى دېڭىز دولقۇنىغا ئوخشايدۇ. ھەربىر دولقۇن بېلىقچىلارغا نۇرغۇن بېلىقلارنى ئېلىپ كېلىدۇ.

ۋاقىت ئىنسان ئۈچۈن نېمىدىن دېرەك بېرىدۇ؟

مۇئەللىم كەلدى.....

شاھ سۇلتان ئىككى كىشىنى ئۆلۈمگە بۇيرۇپتۇ. ئۆلارنىڭ ئىچىدە بىرى، سۇلتاننىڭ ئاتنى بەك ياخشى كۆرىدىغانلىقىنى بىلىدىكەن. ئۇ كىشى سۇلتانغا ئەگەر بىر يىل ۋاقىت بەرسە سۇلتاننىڭ ئېتىنى ئۇچىدىغان ئات قىلىپ تەربىيەلەپ بېرەلەيدىغانلىقىنى ۋە بۇنىڭ بەدىلىگە ئۇنى ئۆلۈم جازاسىدىن كەچۈرۈم قىلىپ، ئەركىنلىك بېرىش تەلىپىنى ئېيتىپتۇ. «تۇنجى بولۇپ ئۇچار ئات مىنگەن سۇلتان» دەپ ئاتىلىش خىيالىدىن مەستخۇش بولغان سۇلتان ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ.

ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇلغان يەنە بىر مەھبۇس ئۇنىڭغا:

ــ سەن ئاتىنىڭ ئۇچالمايدىغانلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ، نېمىشقا بۇنىداق غەلىتە تەلەپنى قويىسەن؟ بەرىبىر ئۆلۈمدىن قۇتۇلالمايسەن، ــ دەپتۇ.

ــ ئۇنداقمۇ دەپ كەتمە، ئەمەلىيەتتە بۇ بىر يىل ۋاقىت ئارقىلىق ئۆزۈمگە ئۈچ پۇرسەت ياراتتىم. بىرىنچىسى، بۇ بىر يىل ئىچىدە بەلكىم سۇلتان ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن، ئەگەر سۇلتان ئۆلمىسە مەن ئۆلۈپ قېلىشىم مۇمكىن، سۇلتانمۇ ئۆلمىسە، مەنمۇ ئۆلمىسەم، ئات ئۆلۈپ قېلىشى مۇمكىن. ئەگەر ئۇچلىمىز ئۆلمەي قالساق كىم بىلىدۇ، مەن راستىنلا ئاتقا ئۇچۇشنى ئۆگىتەلەمدىم تېخى، ــ دېگىنىچە كۈلۈپ كېتىپتۇ ھېلىقى كىشى.

ئاڭلا ئەلى، ۋاقىت دېمەك مۆجىزە دېمەكتۇر. ۋاقىت دېمەك ھاياتلىق دېمەكتۇر. دۇنيانى قايتىدىن قۇرۇپ چىققىلى بولىدۇ. بىراق ۋاقىتنى قايتۇرىۋالغىلى بولمايدۇ. ۋاقىتنىڭ كاتتىسى ھازىردۇر. ھازىردا ياشىيالىغان كىشى مەڭگۈلۈكنىڭ نېمىلىكىنى بىلىدۇ. قىلىشقا تېگىشلىك ئىشنى ساقلاشقا بولمايدۇ، ساقلاشقا تېگىشلىك ئىشنى قىلىشقا بولمايدۇ.

ۋاقىتنى قەدىرلە دېگەنلىك ھەرگىزمۇ جىددىي ياشا دېگەنلىك ئەمەس. ئالدىراش كۆرۈنگەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ئالدىراش بولىشى ناتايىن. ھەقىقىي ئالدىراش كىشىلەر ئەكسىچە ئالدىراش كۆرۈنمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار سەۋىر قىلىپ ساقلاشنىڭ بەك چوڭ ھەرىكەت ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ.

قوي ھەرگىزمۇ ئېگىسىگە ئۆزىنىڭ كۈندە قانچىلىك ھەلەپ يېگەنلىكىنى دەپ يۈرمەيدۇ. بەلكى ئۇنىڭ يۇڭى ۋە گۆشى

ئارقىلىق ئۇنى بىلگىلى بولىدۇ. ھەقىقىي ئۇنۇمدار كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا ھەركۈنى ئۆزىنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلغانلىقى، نېمىلەرنى ئۆگەنگەنلىكىنى باشقىلارغا سۆزلەپ ئولتۇرمايدۇ. ئۇلارنىڭ ياراتقان قىممىتى ئارقىلىق بۇنى بىلگىلى بولىدۇ.

*دادىسى ئەتىگىنى ئۆينىڭ ھەممە يېرىنى ئاختۇرۇپ قول سائىتىنى تاپالمىدى ۋە قاقشىغانچە ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ چىقىپ كېتىپ ئۇزۇن ئۆتمەي بالىسى سائەتنى تېپىپ ئۇنىڭغا ئاپىرىپ بەردى. دادىسى بالىسىدىن سائەتنى قانداق تاپقانلىقىنى سورىغاندا، بالىسى:*

*— مەن ئۆيدە بىردەم جىمق ئولتۇرغان ئىدىم سائەتنىڭ چىكىلدىشى ئاڭلاندى، دەپ جاۋاب بەردى.*

*قەلبىڭنى تىنچلاندۇرساڭ ھەل قىلىش ئۇسۇلى ئۆزى كېلىدۇ.*

## كارخانا ۋە «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»

مەن كىتاب ئوقۇشنى ياخشى كۆرىمەن. كىتابقا بولغان مۇھەببىتىم «كىتاب ماڭا خۇشاللىق ئاتا قىلىدۇ» ياكى «كىتاب بولسا روھنىڭ ئوزۇقى» دەيدىغان ياشانغان شوئارلاردىن ئاللىبۇرۇن ھالقىپ كەتكەن. كىتاب ئوقۇش ئادىتىمگە ئايلانغان بولۇپ، كىتاب ئوقۇماسلىق مېنى بىئارام قىلىدۇ. كىشىلەر: «قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزدىن ۋاقىت چىقارساقلا كىتاب ئوقۇيمىز» دېيىشىدۇ. بىراق مەن كىتاب ئوقۇشتىن ۋاقىت چىقىرىپ باشقا ئىشلارنى قىلىمەن.

بالىلىق دەۋرىدە مۇھەببەتكە تولۇق قانمىغان ھەرقانداق كىشى چوڭ بولغاندا مەلۇم نەرسىلەرگە خۇمار بولىدۇ، ۋە شۇ نەرسىلەردىن ئۆزى مەھرۇم قالغان مۇھەببەتنى ئىزدەيدۇ. بۇ خىل مۇھەببەتنى مەن كىتابتىن ئىزدىدىم.

نەچچە يىللاردىن بېرى، كىتاب بىلەن بىللە چوڭ بولۇۋاتىمەن. مۈشۈكلەر كۆيلەش مەزگىلىدە غەلىتە ئاۋازلارنى چىقارغاندىمۇ، مەن يەنىلا كىتاب كۆرۈۋاتقان بولىمەن. بىزنىڭ مەھەللىدىكى نەچچە يۈز ئائىلىنى بىر-بىرىگە تۇتاشتۇرۇپ تۇرىدىغان تۇربىلاردا كىرەكسىز سۇلار بىرتەرەپ قىلىنىۋاتقان ۋاقىتلاردىمۇ، كىتاب كۆرۈۋاتقان بولىمەن. بىز ئاسمانغا قارىساقلا كۆرگىلى بولىدىغان سانسىز يۇلتۇزلار ئەسلى

ھەقىقىي كۆرۈشكە تېگىشلىك بوشلۇقتا توختاۋسىز ھەرىكەت قىلىۋاتقاندىمۇ، مەن يەنىلا كىتاب كۆرۈۋاتقان بولىمەن.

«قىزىل راۋاقتىكى چۈش» ناملىق كىتابتىن قالسا كۆپ ئوقۇيدىغان كىتابىم «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە». بۇ كىتابنى قانچە قېتىم قايتا ئوقۇغىنىم يادىمدا يوق. بىر قېتىملىق كارخانىچىلارغا سۆزلىگەن لېكسىيەدە توساتتىن ئۇنىڭدىن ئۆزلەندىلەرنى ئالغانلىقىم ئېسىمدە. چۈنكى كارخانا باشقۇرۇش بىلەن دۆلەت باشقۇرۇش ئوخششىپ كېتىدۇ. كارخانىلار ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەت بولسا دەل ئۈچ پادىشاھلىق ئوتتۇرىسىدىكى رىقابەتكە ئوخشايدۇ.

بۈگۈن مۇئەللىم كەلمىدى. شۇ سەۋەبلىك، ئوقۇرمەنلىرىم ئارىسىدىكى كارخانىچىلارغا «ئۈچ پادىشاھلىق ھەققىدە قىسسە»، «سۇنزىنىڭ ھەربىي ئىشلار دەستۇرى» ۋە «توينىزىم قەسسىدىلىرى» قاتارلىق كىتابلاردىكى يادىمغا كەلگەن ئۆزلەندىلەرنى دەپ بېرىشنى توغرا تاپتىم.

سۇنزى— پۇقرالارنىڭ مەقسىتى رەھبەر بىلەن ئوخشاش بولغاندا،ئۇلار ھايات ـ ماماتتا بىللە تۇرالايدۇ.

كۇئىزى— پىلانىڭ بىر يىللىق بولسا، شال تېرىغىن؛ ئون يىللىق بولسا، دەرەخ تىك؛ يۈز يىللىق بولسا، بالاڭنى تەربىيلە؛ (كارخانىنىڭ ئىستىقبالى ـ تەربىيەلەشتە)

جيالىن— ئەقىلگىلا تايىنىۋېلىش ئىسيانكارلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ ئادىمىيلىككىلا تايىنىۋېلىش ئاجىزلىششنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ؛ نەتىجىگىلا تايىنىۋېلىش ھاماقەتلىككە باشلايدۇ؛ جاسارەتكىلا تايانغاندا زوراۋانلىق

پەيدا بولىدۇ؛ بۇيرۇقتىكى زىيادە كەسكىنلىك شەپقەتسىزلىكنى پەيدا قىلىدۇ؛ ياخشى بىر رەھبەردە بۇ بەش خارەكتېرنىڭ ھەممىسى مۇۋاپىق ھالدا بولۇشى كېرەك.

دۇيۇ — ئەسكەرلەر كۆندە مەشىق قىلمىسا(ئۆگەنمىسە)، جەڭ قىلغاندا قورقۇنچاق ۋە ئىككىلىنىدىغان بولۇپ قالىدۇ؛ گېنېرال كۆندە مەشىق قىلمىسا ماسلىشالماس بولۇپ قالىدۇ؛

مېيياۋچېن— بىراۋ مۇكاپاتلاشقا لايىق بولسا، ئۇنىڭغا ئۈچ بولساڭمۇ مۇكاپاتلا؛ جازاغا لايىق بولسا، تۇققىنىڭنىمۇ جازالا؛

ۋاڭشى— كۈچلۈك ۋاقىتتا ئاجىز، باتۇر ۋاقىتتا قورقۇنچاق، تەرتىپلىك ۋاقىتتا قالايمىقان، لىق ۋاقىتتا قۇرۇق، دانا ۋاقىتتا ئەخمەق، ئالغا ئىلگىرىلەۋاتقاندا چېكىنگەندەك، كۆپ ۋاقىتتا ئاز، تېز ۋاقىتتا ئاستا، ئالغاندا بەرگەندەك، بىر جايدىكى ۋاقىتتا يەنە بىر جايدا كۆرۈنۈشنى بىل.

جيالىن—ئاجىز كۈچلۈكنى كونترول قىلىش ئۈچۈن ساقلىماق لازىم.

ۋاڭشى— بىراۋنى ئاجىزلاشتۇرماقچى بولساڭ، ئۇنى ئۆزىنىڭ سەندىن كۈچلۈك ئىكەنلىكىگە ئىشەندۈر.

ساۋ ساۋ — ئەڭ ياخشى ھەرىكەت ـ ھېچكىم ئويلىمىغان يەردىن چىقىش.

سۇنزى —— ئۇرۇشتا قورال ئىشلىتىشنىڭ پايدىسىز تەرىپىنى تونۇپ يەتمىگەن كىشىلەر قورال ئىشلىتىشنىڭ پايدىلىق تەرىپىنىمۇ بىلمەيدۇ.

ساۋ ساۋ —— قورال - سايماننى ئۆيۈڭدىن ئال؛ يېمەكلىكنى بارغان يېرىڭدىن تاپ؛

خو يەنشى —— پۇقرا بولسا دۆلەتنىڭ ئاساسى؛ يېمەكلىك بولسا ئادەمنىڭ جېنى؛ رەھبەر بولغۇچى بۇنىڭغا ھۆرمەت قىلمىقى لازىمدۇر.

مېي ياۋچېن —— ھەممە ئادەمنى مۇكاپاتلاش مۇكاپاتلىمىغانغا باراۋەر.

سۇنزى —— رەقىبىڭ بىلەن كۈچىڭ تەڭ بولسا، كۆزۈڭ يەتسە ئېلىش، يەتمىسە ساقلا؛ ئەگەر ئۇنىڭدىن ئاجىز بولساڭ، ئامال بار قاچ؛

لى چۈەن —— كۈچلۈكمۇ بولالمىغان، ئاجىزمۇ بولالمىغان ئادەم چوقۇم ئۇتتۇرىدۇ.

سۇنزى —— قاچان، قانداق ۋاقىتتا جەڭ قىلىش ۋە قانداق ۋاقىتتا جەڭ قىلماسلىقنى بىلگەن كىشى يېڭىدۇ؛ قانداق ۋاقىتتا ئاز ئەسكەر ۋە قانداق ۋاقىتتا كۆپ ئەسكەر ئىشلىتىشنى بىلگەن كىشى يېڭىدۇ؛

دۇ يوۋ —— غەلبە بولسا سان مەسىلىسى ئەمەس، بەلكى ماسلىشىش مەسىلىسى.

جۇ گېلياڭ —— ئۆزىنىمۇ، ئۆزگىنىمۇ بىلگەن ئادەم يۈز جەڭنىڭ ھەممىسىدە يېڭىدۇ؛ ئۆزىنى بىلىپ، ئۆزگىنى بىلمىگەن ئادەم بەزىدە يېڭىدۇ، بەزىدە يېڭىلىدۇ؛ ئۆزىنىمۇ،

ئۆزگىنىمۇ بىلمىگەن ئادەم يۈز جەڭنىڭ ھەممىسىدە ئۇتتۇرىدۇ؛

خويەنشى—— غەلبە قىلىشتا بولسا رەقىبىڭنىڭ ئاجىز بولۇشىغا ئەمەس بەلكى ئۆزۈڭنىڭ كۈچلۈك بولۇشىغا تايىنىسەن؛ بوراننىڭ چىقماسلىقىغا ئەمەس، بەلكى يەلكەنلىرىڭنىڭ مەزمۇت بولۇشىغا تايىنىسەن؛باشقىلارنىڭ ھۇجۇم قىلماسلىقىنى تىلەشكە ئەمەس، تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارىڭنى ئۆستۈرۈشكە تايىنىسەن؛

سۈنزى——يوپۇرماقنى كۆتۈرۈش ئۈچۈن جىق كۈچ كەتمەيدۇ؛ قۇياش بىلەن ئاينى كۆرۈش ئۈچۈن كۆزنىڭ ئۆتكۈر بولۇشى، چاقماقلارنى ئاڭلاش ئۈچۈن قۇلاقنىڭ سەزگۈر بولۇشى ھاجەت ئەمەس؛ دانا رەھبەر بولسا باشقىلار كۆتۈرەلمەيدىغاننى كۆتۈرەلەيدىغان، كۆرەلمىگەننى كۆرەلەيدىغان ۋە ئاڭلىيالمايدىغاننى ئاڭلىيالايدىغان بولۇشى لازىم؛

دۇمۇ——تاغدىن دومىلاپ چۈشكەن تاشتا غايەت زور كۈچ بولىدۇ. بىراق بۇ كۈچ تاشنىڭ ئۆزىدىن ئەمەس، بەلكى تاغنىڭ يانتۇلىقىدىن كەلگەن؛ ئاجىز كۈچلۈككە تايانسا كۈچىيىدۇ؛

سۈنزى——جەڭ مەيدانىغا كىم ئاۋۋال بېرىپ رەقىبىنى ساقلىسا، ئۇنىڭغا ئوڭاي بولىدۇ.

دۈيوۋ——تۆشۈككە بىر مۈشۈكنى قويۇپ قويسا، مىڭ چاشقان چىقىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ؛ جىلغىغا بىر يولۋاسنى قويۇپ قويسا مىڭ كىيىك ئۆتەلمەيدۇ؛

لىچۇەن——كىمنىڭ غەلبە قىلغىننى ھەممە ئادەم بىلىدۇ. بىراق قانداق غەلبە قىلغىننى ھېچكىم بىلمەيدۇ. (باشقىلارنىڭ غەلبە ئىستراتىگىيىسىنى ھەرگىز دورىما.)

بۇرۇن بىر كىچىك سودىگەر بولۇپ، مەلۇم بىر تاغنىڭ ئارقىسىدا ياشايدىغان بىر توپ كىشىلەرنىڭ ئەزەلدىن سەي-كۆكتاتلارنى كۆرۈپ باقمىغانلىقىنى ئاڭلاپتۇ. ھەمدە بۇ ئىشنىڭ راست ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن ئۇ يەرگە ئىككى سېۋەت سامساق ئاپىرىپتۇ. ئەزەلدىن سامساق كۆرۈپ باقمىغان بۇ كىشىلەر ئىنتايىن ھاياجانلانغانلىقتىن، بۇ سودىگەرگە بىر سېۋەت ئالتۇن بېرىپ يولغا سالىپتۇ. بۇ سودىگەر يۇرتقا قايتقاندىن كېيىن، ئۇنىڭ سامساق سېتىپ باي بولۇپ كەتكەنلىكىنى ھەممە كىشى ئاڭلاپتۇ. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز باي بولغىنىغا ئىنتايىن ھەسەت قىلغان قوشنىسى: «ئۇ سامساق ئاپىرىپ باي بولغانىكەن، مەن پىياز ئاپىرىپ ساتسام تېخىمۇ باي بولۇپ كېتىمەن» دەپ ئويلاپ، ئىككى سېۋەت پىياز بىلەن ھېلىقى يۇرتقا قاراپ يولغا چىقىپتۇ. پىيازنى كۆرۈپ تېخىمۇ ھاياجانلانغان ئۇ كىشىلەر بۇ سودىگەرگە نېمە بىلەن جاۋاب قايتۇرۇش توغرىسىدا ئويلىنىپتۇ ۋە ئاخىرىدا:

- ئالدىنقى قېتىم سامساق ئەكەلگەن سودىگەرگە ئالتۇن بىلەن جاۋاب قايتۇرغاندۇق، ئۇنىڭ دېيىشىچە، پىياز بولسا سامساقتىنمۇ قىممەتلىك ئىكەن. ئالتۇن بەرسەك بولمىغۇدەك، ھازىر بىزدە ئالتۇندىن قىممەتلىك بىردىنبىر نەرسە سامساق، شۇڭا ئۇنىڭغا سامساق بېرەيلى، - دېگەن خۇلاسىگە كەپتۇ-

ده، پىياز ئەكەلگەن سودىگەرگە بىر سىۋەت سامساق بىرىپ يولغا ساپتۇ.

سۇنزى——يەردىن پايدىلىناي دىسەڭ، يەرلىكنى ئىزدە.

سۇنزى——سۆزلەرنى ھەممە ئادەمگە ئاڭلاتقىلى بولمىغاندا، دۇمباقلار كەشىپ قىلىندى؛ ئىشارەتلەرنى كۆرسەتكىلى بولمىغاندا بايراق كەشىپ قىلىندى؛ كىشىلەرنى پەقەت قائىدە ـ تۈزۈم بىرىيەرگە جەم قىلىدۇ؛ (كارخانىنىڭ تەرەققىياتى --- قائىدە ـ تۈزۈمدە)

سۇنزى——تەرتىپ ئارقىلىق تەرتىپسىزلىككە، جىمجىتلىق ئارقىلىق شاۋقۇنغا، ئېغىرلىق بىلەن يېنىككە تاقابىل تۇرىسەن.

دۇمۇ——ئەسكەرلىرىڭنىڭ يېمەكلىكىنى يەۋالما؛ ئەگەر ئۆيگە قايتىمەن دىسە، ئىرادىسىگە قارشى چىقما؛ قايتىپ كەلسە، قوچىقىڭنى ئاچ؛

جىيالىن——ئەلچىنىڭ مىجەزىنىڭ ئوساللاشقانلىقى بولسا ئۇلارنىڭ قوشۇنىنىڭ چارچىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ.(كارخانىچىنىڭ پاسسىپ كەيپىياتى كارخانىنى گۇمران قىلىدۇ.)

سۇنزى——رىشتە ئورناتماي تۇرۇپ ئەسكەرلەرنى جازالىساڭ، ئۇلار قارشى چىقىدۇ؛ رىشتە ئورنىتىپ بولغاندىن كېيىن جازالىمىساڭ، ئۇلارنى باشقۇرالمايسەن؛

مېي ياۋچېن——ئەسكەرلەرنى جەڭ قىلىش ئۈچۈنلا يالالا، ئىستراتېگىيەنى دېمە. غەلبىدىن كېيىنكى پايدىنى تەكىتلە، يوشۇرۇن زىيانىنى ئۇلاردىن پىنھان تۇت.

ساۋساۋ——قوشۇننى ھېسسىياتىڭغا تايىنىپ ئىشلەتمە.

## ئېتىزدىكى تاش

بۇ ۋەقە غۇلجا چاپچال ناھىيەسىدە يۈز بەردى.

ئۇ ئەتىياز پەسلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى بولۇپ، ئــالملىق باغقا باردۇق. ئالما كۆچەتلىرىنىڭ ئارىلىقىغا مالىنــا كــۆچىتى تىكىلگەن بۇ باغ تولىمۇ گۈزەل ۋە رەتلىك ئىــدى. باغنىــڭ ئىگىسى بۇ باغدىن، مۇنداقچە قىلىــپ ئېيتقانــدا، ئۆزىنىــڭ مۇشۇنداق بىر بېغى بولغانلىقىدىن پەخىرلەنگەن ھالدا، يېڭى ئاغــدۇرۇلغان ئېتىزدىكــى تاشــلارنى پــات ـ پــات تېرىــپ ئېلىۋېتەتتى. ئۇ توساتتىنلا:

ـ توۋا دېمىسە بولمايدۇ، ھەر يىلى ئېتىزنى ئاغدۇرغانــدا چىققان تاشلارنى پاك ـ پاكىز ئېلىۋېتىمەن، بىراق يەنىلا يەرنى قايتا ئاغدۇرغاندا تاشلار چىقىپ تۇرىــدۇ، بــۇ تاشــلار زادى نەدىن كېلىدىغاندۇ؟ ـ دېگىنىچە قاقشاپ قويدى.

ھاياتىمىز مانا مۇشۇ بىر پارچە ئېتىزغا ئوخشايدۇ، بۇ يىل يەر ئاغدۇرغاندا تاشلارنى پۈتۈنلەي ئېلىۋەتكەن تەقدىردىمۇ، كېلەر يىلى يەنىلا تاشلار چىقىــپ تۇرىــدۇ. بــۇ تاشــلاردىن قاقشاش تولىمۇ ئورۇنسىز ھېسابلىنىدۇ.

پسىخولوگىيەدە فېستىڭگىر ئېففىكتى دەپ ئاتىلىدىغان بىر قانۇنىيەت بولــۇپ، ھاياتىمىزنىــڭ ئــون پىرســەنتى بولســا ھاياتىمىزدا تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ئىشلار(تاش)دىن، قالغــان توقسان پىرسەنتى بولسا ئاشۇ ئون پىرسەنت ئىشقا قايتۇرغان

ئىنكاس ۋە تۇتقان مۇئــامىلە تــۇپەيلى كېلىــپ چىقىــدىغان نەتىجىدىن تۇزۇلىدۇ.

مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ھاياتىمىزدىكى ئون پىرســەنت ئىش بىزنىڭ كونتروللىقىمىزدا بولمىســىمۇ، قالغــان توقســان پىرسەنتىنى تامامەن كونترول قىلالايمىز.

تۆۋەندىكى مىسالنى كۆرۈپ باقايلى:

ئەكرەم ئەتىگەن ئورنىدىن تۇرۇپ، يــۇزىنى يۇيىــدىغان ۋاقىتتا، ئۆزىنىڭ قىممەت باھالىق سائىتىنى جومەكنىڭ يېنىغــا قويۇپ قويدى. سائەتكە سۇ كىرىپ كېتىشــتىن ئەنســىرىگەن ئايالى سائەتنى تاماق ئۈستىلىنىڭ ئۈستىگە يۆتكەپ قويــدى. ناشتا قىلىش ئۈچــۈن ئۈســتەلنىڭ يېنىغــا كەلــگەن ئــوغلى ئېھتىياتسىزلىقتىن سائەتنى يەرگە چۈشۈرۈپ چېقىپ قويــدى. ئۆزىنىڭ ياخشى كۆرىــدىغان قىمــمەت باھــالىق ســائىتىنىڭ بۇزۇلغانلىقىنى كۆرگەن ئەكرەم شۇ ئاچچىقىدا ئوغلىنىڭ بېشىغا بىرنى ئۇردى. ئارقىدىنلا ئايالىنى قاتتىق ئەيىبلەپ كەتتى.

ئايالى بۇ ئەيىبلەشكە قايىل بولماي، سائەتكە سۇ كىرىپ كەتمىسۇن، دەپ شۇنداق قىلغانلىقىنى ئېيتىپ يىغلاپ كەتتى. ئەكرەم شۇ ئاچچىقىدا ناشــتىمۇ قىلمــاي خىــزمەتكە بېــرىش ئۈچۈن ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئىدارىســىگە ئــاز قالغانــدا، ھۆججەت سومكىســىنى ئۆيــدە ئۇنتــۇپ قالغــانلىقى يادىغــا كەلدى ـ دە، ئــۆيگە دەرھــال قايتىــپ كەلــدى. ئۆزىنىــڭ ئاچقۇچىنىڭ ھۆججەت سومكىسىدا قالغانلىقىنى ئېسىگە ئالغان ئەكرەم ئايالىغا تېلېفون ئۇرۇپ، ئاچقۇچنى ئەكىلىپ بېرىشــنى ئېيتتى.

ئالدىراش ئۆيگە قايتىۋاتقاندا، ئايالى يولىدىكى مېۋە ساتقۇچىنىڭ ھارۋىسىنى ئۆرۈۋەتتى. سودىگەر بارلىق مېۋىلەرنىڭ پۇلىنى تۆلەتتى. ھۆججەت سومكىسىنى ئېلىپ ئىدارىگە بارغاندا، ئەكرەم ئاللىبۇرۇن يېرىم سائەت كېچىككەن ئىدى. شۇ سەۋەبلىك، باشلىقىدىن بىرمۇنچە تەنقىد ئاڭلىدى ۋە خىزمەت جەريانىدا كېچىككىنە ئىش تۈپەيلى خىزمەتدىشى بىلەن قاتتىق ئۇرۇشۇپ قالدى. ئاقىۋەتتە بىر يىللىق مۇكاپات پۇلى تۇتۇلدى. ئايالىمۇ كېچىكىپ قالغانلىقتىن ئايلىق مائاشى يوق بولدى. ئەسلى ئەلىيۇلئەلا بولۇش مۇمكىنچىلىكى بولغان ئوغلى دادىسىدىن يېگەن تاياق تۈپەيلى، دىققىتىنى يىغالماي ئىمتاھاندىن ئۆتەلمىدى.

بۇ مىسالدا، سائەتنىڭ چېقىلىشى پۈتۈن ھېكايىنىڭ ئون پىرسەنتىنى تەشكىل قىلسا، قالغان بىر قاتار ئىشلار توقسان پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. سائەت چېقىلدى. بۇنىڭغا ئامال يوق. بىراق كېيىنكى ئىشلارغا تامامەن ئامال بار. ئەگەر ئەكرەم ئوغلىغا: «ھېچقىسى يوق ئوغلۇم، سائەتنى ئوڭشاتساق بولىدۇ» دېگەن بولسا ئىدى، ئوغلىنىڭ كەيپىياتىمۇ، ئايالىنىڭ كەيپىياتىمۇ، ئەڭ مۇھىمى ئۆزىنىڭ كەيپىياتىمۇ ياخشى بولاتتى.

مۇئەللىم كەلدى.....

*بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر پادىشاھ بولۇپ، بىر كۈنى ئوردىدىن سىرتقا چىققاندا، پۇتىغا بىر ئۇچلۇق تاش پېتىپ كېتىپ، قاتتىق ئاغرىق ھېس قىلىپتۇ. مۇشۇ ئاچچىقىدا پەرمان چۈشۈرۈپ، بارلىق كالىلارنى ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىنى*

*مەملىكەتنىڭ ھەممە يېرىگە ياتقۇزىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. پەرمان بويىچە، كالىلار سويۇلۇشقا باشلاپتۇ. بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغان بىر دەرۋىش قاتتىق كۈلگەن ھالدا «بۇ پادىشاھ دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەق كىشى ئىكەن» دەپتۇ. ئۇنىڭ بۇ گېپى ئېغىزدىن - ئېغىزغا كۆچۈپ، پادىشاھنىڭ قۇلىقىغا يېتىپ بېرىپتۇ. دەرغەزەپكە تولغان پادىشاھ دەرھال دەرۋىشنى ئوردىغا يالاپ كېلىپ، كاللىسىنى ئالماقچى بولۇپتۇ. دەرۋىش ئىنتايىن تەمكىن ھالدا:*

*- ئالىيلىرى، كاللامنى ئالسىڭىز ئېلىڭ، بىراق، ئاۋۋال گېپىمنى قىلىۋېلىشقا رۇخسەت بېرىڭ، - دەپتۇ.*

*پادىشاھ ئۇنىڭغا:*

*- قېنى ئېيت، سەن نېمىگە ئاساسەن مېنى دۇنيادىكى ئەڭ ئەخمەق كىشى دېدىڭ، - دەپتۇ.*

*دەرۋىش جاۋابەن:*

*- مەن شۇنى چۈشەنمىدىم ئالىيلىرى، سىز پۈتۈن مەملىكەتكە نەچچە مىڭلىغان كالا تېرىسى ياتقۇزۇشنىڭ ئورنىغا پۇتىڭىزغا بىر تال كالا تېرىسىنى ئورىۋالسىڭىز بولمامدۇ؟ - دەپتۇ.*

*ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇ دەل خۇرۇم ئاياغنىڭ كەشىپ بولۇش تارىخى ئىكەن.*

ئاڭلا ئەلى، ھېچقانداق نەرسە ماھىيەتتە ياخشى - يامان ياكى پايدىلىق - زىيانلىق دەپ ئايرىلمايدۇ. ئۇنى ياخشى ياكى يامان قىلىپ قويىدىغىنى دەل سەن ئۆزۈڭ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سېنىڭ مۇئامىلەڭ ۋە ھۆكمىڭ. سەن

پايدىسىز دەپ قارىغان نۇرغۇن شارائىتلار باشقىلار ئۈچۈن تۈمەنمىڭلىغان پايدا يارىتىدۇ. ھەرقانداق سەن ناچار دەپ قارىغان شارائىتمۇ سەن ئۈچۈن پايدىلىق بولۇپ چىقىدۇ.

ئاۋۇ ئۆسۈملۈككە تايىنىپ جان كەچۈرىدىغان كۆك پىتكە قارا، ئۇ ئۆسۈملۈك سۇسىزلىنىپ قۇرۇپ كېتىشكە تەمشىلگەن ئىدى، كۆك پىتكە قانات چىقتى. دۇنيادىن پايدىسىز ئادەمنى تاپالىشىڭ مۇمكىن، بىراق پايدىسىز شارائىتنى مەڭگۈ تاپالمايسەن.

ئەگەر بىراۋ سېنى ئىتتىرىپ يار لېۋىگە ئەكىلىپ قويغان بولسا يەنىلا ئۈمىدۋار بول، بەلكىم بۇ ئىش ساڭا قانات ئاتا قىلىشى مۇمكىن. پەقەت ۋە پەقەت سېنىڭ ئىشلارغا، نەرسىلەرگە ۋە ئادەملەرگە تۇتقان ھۆكمىڭ ئۇلارنىڭ خارەكتېرىنى بەلگىلەپ قويىدۇ. پايدىلىق دېگىن، راست چىقىدۇ. پايدىسىز دېگىن، يەنىلا راست چىقىدۇ.

تەڭگىنىڭ راستىنلا ئىككى يۈزى بار دەپ قارامسەن؟ ئەخمەق بولما. تەڭگىنىڭ بىرلا يۈزى بار. ئاشۇ بىر يۈزى ئىككى بولۇپ كۆرۈنىدۇ.

## سۈكۈت ۋە سۆز

1825 ـ يىلى، يېڭى سىېزار نىكولاي I، روسىيە پادىشاھلىق تەختىگە ئولتۇردى. ياۋروپا تەرەققىياتىغا يېتىشىپ، دۆلەتنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنى تەلەپ قىلغان بىر تۈركۈم كىشىلەر نىكولايغا قارشىلىق بىلدۈردى. ئۇلارغا ساۋاق بېرىپ قويۇش ئۈچۈن، توپىلاڭچىلارنىڭ رەھبەرلىرىنىڭ بىرى بولغان رايلوفقا ئۆلۈم جازاسى بېرىلدى. جازا ئىجرا قىلىنىدىغان كۈنى رايلوف دارغا ئېسىش مەيدانىغا يالاپ كېلىندى. ئارغامچا بويىنغا سېلىندى. ئورۇندۇق ئىتتىرىلدى. بىراق، ئۇ ساڭگىلاپ پەسكە چۈشكەن پەيتتە، بويىنغا سېلىنغان ئارغامچا ئۈزۈلۈپ كەتتى ـ دە، رايلوف هايات قالدى. نەتىجىدە، ئۆلۈم جازاسى بېرىش ئۇتۇقلۇق بولمىدى. ئەينى دەۋردە بۇ خىل ئىشلار تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ قارىلىپ، جازالانغۇچى جازادىن بىكار قىلىناتتى. هالبۇكى، رايلوف ئورنىدىن تۇرغاندىن كېيىن ئۆزىنى تۇتۇۋالماي، كۆپچىلىككە قاراپ:

ـ قاراڭلار، بۇ دۆلەت هازىر هېچقانداق نەرسىنى قاملاشتۇرالمايدۇ. هەتتا، ئارغامچىنى قانداق باغلاشنىمۇ بىلمەيدۇ، ـ دەپ توۋلىدى.

خەۋەرچىدىن ئارغامچىنىڭ ئۈزۈلۈپ كەتكەنلىكىنى ئاڭلىغان نىكولاي بۇ ئىشنى تەڭرىنىڭ ئىرادىسى دەپ قاراپ،

ئامالسىز ھالدا رايلوفنى جازادىن كەچۈرۈم قىلىش بۇيرۇقىنى يازدى. ئارقىدىنلا نىكولاي خەۋەرچىدىن ئارغامچا ئۈزۈلگەندە، رايلوفنىڭ نېمىلەرنى دېگەنلىكىنى سورىدى. خەۋەرچى ئۇنىڭغا:

ـ ئالىيلىرى، رايلوف روسىيە ئارغامچىنىمۇ قاملاشتۇرۇپ ئاسالمايدۇ، دېدى، ـ دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان نىكولاي:

ـ ئۇنداق بولسا ئۇنىڭغا ياخشىراق ئارغامچا تەييارلاپ، ئۇنىڭ بۇ كۆزقارىشىنىڭ خاتالىقىنى ئىسپاتلاپ قويۇڭلار، دېدى ـ دە، كەچۈرۈم خېتىنى يىرتىپ تاشلىدى. ئەتىسى رايلوف دارغا قايتا ئېسىلدى. بۇ قېتىم ئارغامچا ئۈزۈلمىدى. خۇددى رايلوفقا ئوخشاش زۆرۈر بولمىغان، ئارتۇق، قىلىشقا تېگىشلىك بولمىغان گەپلەرنى قىلىش گۆدەكلىكنىڭ بەلگىسى.

مىلادىدىن بۇرۇن 3 ـ ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن جۇڭگو پەيلاسوپى خەن فېيزى «قول ئاستىڭدىكى ئادەملەردىن بۇرۇن ئاغزىڭنى ۋە چىشلىرىڭنى مىدىرلاتما (سۆزلىمە). قانچە ئۇزۇن سۈكۈت قىلساڭ باشقىلار شۇنچە تېز ئېغىز ئاچىدۇ، ئۇلار سۆزلەشنى باشلىغاندا مەقسەتلىرىنى ئاشكارىلايدۇ» دەپ يازغان.

سۈكۈت قىلىشنى بىلىش، بىر خىل گۈزەل پەزىلەت بولۇپلا قالماستىن يەنە پىشىپ يېتىلگەنلىكنىڭ بەلگىسى. زېن[1]

---

[1] زېن ـ بۇددا دىنىدىكى بىر مەزھەپ

ئۇستازى 17 يىل گەپ قىلمىغاندىن كېيىن، بىر كۈنى تۇيۇقسىز سۆزلىدى. شاگىرتى ئۇنىڭدىن نېمىشقا 17 يىل گەپ قىلمىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇستازى ئۇنىڭغا «چۈنكى مەن گەپ قىلىش ئۈچۈن ئاۋۋال گەپ قىلماسلىقنى ئۆگەندىم» دەپ جاۋاپ بەردى.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاڭلا ئەلى، ئېغىزدىن چىققان سۆزنى قايتۇرىۋالغىلى بولمايدۇ. ھەربىر ئېغىز گەپنى ئېغىزدىن چىقىرىشتىن بۇرۇن سەن باشقۇرىسەن، ئېغىزىڭدىن چىقىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ گەپ سېنى باشقۇرىدۇ. ئۆزۈڭ قىلغان سۆزلەرنىڭ مەسئۇلىيىتىدىن قېچىپ قۇتۇلالمايسەن.

بازاردىن بىر ئۆردەك ئال، ئاندىن ئۆيگە كەلگۈچە ئۇنىڭ پەيلىرىنى بىر-بىرلەپ يۇلۇپ تاشلا. ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن، بىر تالمۇ پېيى قالمىغان بۇ ئۆردەكنى ئۆيگە قويۇپ قويۇپ، ئۇنىڭ پەيلىرىنى يىغىپ كەل. ئەلۋەتتە، مەڭگۈ يىغىپ بولالمايسەن. ئارتۇقچە قىلىنغان گەپ-سۆزلەر مۇشۇ ئۆردەك پەيلىرىنىڭ مىسالى. بەزى سۆزلەرنى قىلىش ئارقىلىق كۆڭلۈڭنى كىچىككىنە خۇش قىلالىغان بىلەن، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كۆڭلىنى ئاغرىتىسەن. كۆڭلى ئاغرىغان بۇ كىشىلەر ھامان سەندىن ئۆچ ئالىدۇ.

ئەخمەق ئاڭلاشقا قارىغاندا سۆزلەشكە ئاشىق. دانا سۆزلەشكە قارىغاندا ئاڭلاشقا ئاشىق.

قارا، ئاۋۇ مۈلى قۇلۇلىسى قىسقۇچ پاقا بىلەن پاراڭلىشىۋېتىپ ئاغزىنى بەك چوڭ ئېچىپ تاشلىدى.

پۇرسەتتىن پايدىلانغان قىسقۇچ پاقا بىر تال تاشنى ئۇنىڭ ئاغزىغا سىلىپ قويدى. ئاغزىنى قايتا يۇمۇشقا ئىلاجى بولمىغان قۇلۇلە ئامال يوق قىسقۇچ پاقىنىڭ مەززىلىك تامىقىغا ئايلىنىپ قالدى.

باشقىلارنىڭ ئالدىدا چوڭ سۆزلەش، كۆپ سۆزلەش، ئارتۇق سۆزلەش ۋە بىلمەي سۆزلەش خۇددى قۇلۇلىغا ئوخشاش سىنى ئۆلارنىڭ ئولجىسىغا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئاۋۋال ھەرىكىتىڭ، ئاندىن نەتىجەڭ سۆزلىسۇن. ئۇ ۋاقىتتا، پىچىرلىساڭمۇ دۇنيا ئاڭلايدۇ.

## راست ۋە يالغان

باشقىلاردىن دائىم سەمىمىيەت كۈتۈش، كۆپىنچە ئەھۋالدا بىزنى ئۈمىدسىزلىككە ۋە ئىچ پۇشۇقىغا مەھكۇم قىلىدۇ. پۈتۈنلەي سەمىمىي كىشىلەر ئىنتايىن ئاز بولىدۇ. بەزى كىشىلەرنىڭ بىزگە راست گەپ قىلىپ ئانچە-مۇنچە سەمىمىيىتىنى ئىپادىلىشىمۇ، بىزنىڭ سىرلىرىمىزنى بىلىش ۋە ئىشەنچىمىزگە ئېرىشىش ئۈچۈن بولىدۇ. ئاز-تولا راست گەپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلار بىزگە قەلبىنى ئېچىپ بەرگەن قىياپەتكە كىرگەندە، بىز قەلبىمىزنى پۈتۈنلەي ئېچىپ بېرىمىز. دېمەك، بۇ خىل مەلۇم مۇددىئا-مەقسەتكە ئىگە سەمىمىيەتمۇ بىر خىل سەمىمىيەتسىزلىكتۇر.

ئادەملەر قەلب دۇنياسىغا ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقىنى، مەقسىتىنى ۋە دائىمىي خىياللىرىنى يوشۇرۇپ قويۇپ باشقىلارغا ئاشكارىلىمايدۇ. كۆڭلىدە ئويلىغان خىيال ۋە مەقسەتلىرى بىلەن ئاغزىدا دېگەن گەپ-سۆزلىرى ئەكسىچە بولىدۇ. ئۆزىدىن ئۈچ ياش كىچىك ئىنىسىگە شۇنداق ئۆچ بولۇپ كەتكەن بۇ بالىنىڭ تۇيۇقسىز ئانىسىغا، مەن ئۇكامغا بەك ئامراق، دېيىشى نېمىنى چۈشەندۈرىدۇ؟

شۇ سەۋەبلىك كىشىلەرنىڭ نېمە دېگىنىگە قارىغاندا، نېمىشقا شۇنداق دېگىنى بىلىش تېخىمۇ مۇھىم بولىدۇ.

ئۇنداقتا كىشىلەرنىڭ كۆڭلىدىكى ئەسلى مەقسىتىنى قانداق بىلىمىز.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئۆتمۈشتە پادىشاھلار ۋەزىيەتنى جاسۇسلار بىلەن كۆرەتتى. قاغىلار دۇنيانى يىراق بىلەن كۆرىدۇ. شەپەرەڭ ئۈچۈن ئۇنىڭ كۆزى قۇلاقتۇر. ئادەتتە كىشىلەر دۇنيانى ئىككى كۆزى بىلەن كۆرىدۇ. بىراق سەن ئۈچىنچى كۆزىڭنىمۇ ئىشلىتىشنى بىلىشىڭ كېرەك. سېنىڭ ئۈچىنچى كۆزۈڭ دەل ئادەمنىڭ ئەسلى ماھىيىتىگە بولغان چۈشەنچەڭ تەرىپىدىن شەكىللىنىدۇ.

ئېغىز يالغان سۆزلىگەن بىلەن كۆز، قول، پۇت ۋە تىنىقلار ئېغىزنىڭ يالغانچىلىقىغا ساتقىنلىق قىلىپ قويىدۇ. ئەگەر ئۇلارنى كۆزىتىشنى بىلسەڭ، كىشىلەرنىڭ ساختا كۆرسىتىشنى خالىمىغان تەرەپلىرىنى كۆرەلەيسەن. ئەگەر بىراۋنىڭ يالغان گەپ قىلىۋاتقانلىقىدىن گۇمانلانساڭ، ئۇنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىگە پۈتۈنلەي ئىشەنگەن قىياپەتتە كۆزىگە تىكىلىپ قارا، ئۇ سېنى گېپىمگە ئىشەندى دەپ ئويلىغاندا، شۇنداقلا سېنى ئەخمەق قىلالىغانلىقىغا ئىشەنگەن ھامان، ئۆزىنىڭ ئەخمەق ھالىتىنى ۋە يالغانچىلىقىنى ئاشكارىلاپ قويىدۇ.

بىراۋنىڭ راست گەپ قىلىۋاتقانلىقىنى بىلدىڭ، بىراق، مەلۇم نەرسىنى يوشۇرۇپ دېمەيۋاتقانلىقىنى سەزگەن ۋاقتىڭدا، ئۇنىڭ راست گەپلىرىگىمۇ ئىشەنمەيۋاتقانلىقىڭنى ئىپادىلە، نەتىجىدە ئۇ ئۆزىمۇ بىلمىگەن ھالدا ھېكايىنى تولۇق بايان

قىلىــدۇ. چــۈنكى كىشــىلەر باشــقىلارنىڭ ئۇنــىڭ گېــپىگە ئىشىنىشىنى تولىمۇ ئارزۇ قىلىــدۇ. ئەمەلىيەتــتە، يالغــانچىلار باشــقىلارنىڭ ئــۆزىگە يالغــان سۆزلىشــىگە ئەڭ چىــداپ تۇرالمايدىغان كىشىلەردۇر. شۇڭا ئۇلارنىڭ گېــپىگە ئــازراق گۇمانلىنىپ قويساڭ ياكى يالغان ســۆزلەپ قويســاڭ، ئــۇلار ئەسلى ماھىيىتىنى تېزلا ئاشكارىلايدۇ.

باشــقىلارنىڭ راســت گېــپىگە ئىرىنىشــتىكى يەنە بىــر ئۇنۇملۇك چارە بولســا، قەســتەن ئــاچچىقىنى كەلتــۈرۈش. ئاچچىقى كەلگەندە قىلغان سۆزلەر ئومۇمەن راســت كېلىــدۇ. يالغانچىلارنىڭ كاتتىبېشى شاگىرتلىرىغا مۇنــداق ئۆگىتىــدۇ: «باشقىلار پۈتۈنلەي ئىشىنىدىغان يالغان گەپ قىلىش ئۈچۈن، ئۇلار ئىشەنمەيدىغان راست گەپنى مەڭگۈ قىلما!»

## كۆرۈنمەسلىكنىڭ كۈچى

بىر كۈنى ماشىنامنى يۇيغۇزۇش ئۈچۈن ئىتتىپاق يولىدىكى ماشىنا يۇيغۇزۇش ئورنىغا كەلدىم. ئويلىمىغان يەردىن بۇ جايدا مۇختار (مۇختار بۇغرا) ئاكامنى ئۇچرىتىپ قالدىم. سالاملىرىمىز باشقا كىشىلەرگە ئوخشاش ئاددىي بولسىمۇ، سۆھبەتلىرىمىز ئۇنچە ئاددىي بولمىدى. مۇختار ئاكام مەندىن يىلاننى ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرۈپ باققان-باقمىغانلىقىمنى سورىدى. مەن بىر قېتىم دادامنىڭ دوستلىرى بىلەن سۇ يىلىنى تۇتۇپ كاۋاپ قىلىپ يېگىنىنى كۆرگەنلىكىمنى ئېيتىپ بەردىم. ئارقىدىنلا ئۇ:

- يىلاننىڭ قانداق ئوۋ ئوۋلايدىغىنىنى بىلەمسەن؟ - دەپ سورىدى.

مەن بېشىمنى چايقىدىم.

- يىلان ھەر قېتىم ئوۋ ئوۋلاشتىن بۇرۇن ئىچىگە توگۈلۈپ جىم تۇرىۋالىدۇ، - دەپ جاۋاپ بەردى ئۇ.

خۇددى بازاردا مەلۇم مەھسۇلات ئازىيىپ كەتسە ئۇنىڭ قىممىتى يۇقىرىلاپ كەتكەندەك، نام-ئابروي مەلۇم دەرىجىگە يەتكەندە، كىشىلەر كۆزىدىن بىر مەزگىل يوقىماق لازىم. ئۇنداق بولمىغاندا كىشىلەرنىڭ كۆزى بىزنى كۆرۈشكە ئادەتلەنگەن كۈندىن باشلاپ، ئۇلارنىڭ بىزگە بولغان ھۆرمىتى سۇسلاپ كېتىدۇ. مۇھەببەت ئويۇنىدىمۇ ئوخشاش،

ئاشقىنىڭ يېنىدا دائىم كۆرۈنۈپ تۇرۇش، ئۇنىڭدا بىزارلىق شەكىللەندۈرۈپ قويىدۇ.

تۆگىنى تۇنجى كۆرگەن كىشى قورقۇپ قېچىپ كېتىدۇ؛ ئىككىنچى قېتىم كۆرگەندە يېقىنلىشىپ باقىدۇ؛ ئۈچۈنچى قېتىم كەلگەندە بولسا تۆگىنىڭ بويىنىغا سىرتماق سالىدۇ؛

كىشىلىك مۇناسىۋەتتە، ئەلۋەتتە، ئارىلىق ساقلىماق لازىم. دائىم ھەممىلا جايدا كۆرۈنۈپ تۇرۇشنىڭ جەلپ قىلىش كۈچىنى ئاجىزلاشتۇرۇش رولى بار. ناپالېئون دەل بۇ خىل قانۇنىيەتنى ھېس قىلغان كىشى. ئۇ بىر قېتىم دوستىغا يازغان خېتىدە: «ئەگەر مەن دائىم تىياتىرخانىغا بارسام، كىشىلەر ماڭا دىققەت قىلىشتىن توختايدۇ» دېگەنىدى. توغرا، خۇددى ئائىلىدە مەشھۇر شەخس مەۋجۇت بولمىغىنىدەك، كىشىلەرنىڭ سېنى كۆرمەي دەپلا كۆرەلىشى، سۆزلىشىمەن دەپلا سۆزلىشەلىشى، سېنىڭ ئۇلارنىڭ نەزىرىدىكى ئورنىڭنى تۆۋەنلىتىۋېتىدۇ.

ئۇيغۇرلاردىكى «يىراقتىكى موللا داموللا» دېگەن گەپنىڭ مەنىسى دەل مۇشۇدۇر. چۈنكى ئۇ يىراقتا بولغانلىقى ئۈچۈنلا، كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە كۈچلۈك تۇيۇلىدۇ. ئەگەر ئۆلۈپ كەتكەن بولسا، ئۇ ھالدا «ئەۋلىيا»لىشىدۇ. كىشىلەر ئۆزى بىلەن دەۋرداش ۋە ھاياتداش كىشىلەرنى ئېتىراپ قىلىشنى خالىمايدۇ.

قانداق قىلغاندا نام-ئابرۇينى قوغداپ قالغىلى، شۇنداقلا كىشىلىك مۇناسىۋەتنى ياخشى ساقلاپ قالغىلى بولىدۇ؟

مۇئەللىم كەلدى....

*بىر كۈنى قىرغاقتا كۆزەتچىلىكتە تۇرۇۋاتقان بىر قاراۋۇل يىراقتىن بىر نەرسىنىڭ كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ:*

*- پاراخوت كېلىۋاتىدۇ، غايەت زور ئۇرۇش پاراخوتى كېلىۋاتىدۇ، - دەپ ۋارقىراپ كېتىپتۇ.*

*بەش مىنۇتتىن كېيىن ئۇ نەرسە يېقىنلاشقانسېرى، ئۇ قاراۋۇل:*

*- ياق، پاراخوت ئەمەسكەن، ئادەملەر بىلەن لىق تولغان كېمىكەن، - دەپتۇ.*

*ئاندىن تېخىمۇ يېقىنلاشقانسىرى:*

*- ياق ياق ياق، ئۇ ئەسلى بىر تاشلاندۇق ياغاچ ساندۇقكەن، - دەپتۇ.*

*ئەڭ ئاخىرىدا بولسا ئۇنىڭ لەيلەپ يۈرگەن كىرەكسىز ياغاچلار ئىكەنلىكىنى بىلىپتۇ.*

مەن بەك كۆپ كىشىلەرنىڭ مۇشۇ ھېكايىگە ئوخشاش يىراقتىكى نەرسىلەرنى ئۇلۇغلاپ، ئۆزىگە يېقىن نەرسىلەرنى قەدىرسىز كۆرگەنلىكىنى كۆرگەن. مانا بۇ سەن دىققەت قىلىدىغان قائىدە، يەنى، ئۆز يېقىنلىرىڭغا ئەڭ ياخشى مۇئامىلە قىل، ئۆز يېقىنلىرىڭنى ئەڭ چوڭ بىل، باشقىلاردىن بولسا مۇھەببىتىڭنى ئايىما.

بىراق بەزىدە، ئۇلارغا يىراقتىن كۆرۈنۈشنى بىل. بىز قۇياشنى نېمىشقا چوڭ بىلىمىز، چۈنكى كېچىدە بىز ئۇنى كۆرەلمەيمىز. بۇلۇت كەلگەندە، يامغۇر ياغقاندا ئۇنى سېغىنىمىز. ئەگەر قۇياش كېچىمۇ، كۈندۈزمۇ داۋاملىق نۇر چاچقان بولسا ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭدىن بېزار بولغان

بولاتتى. كېچىدىكى يۇلتۇزلار يۈز يىلدا بىر قېتىم ئاسماندا پەيدا بولغان بولسا ئىدى، كىشىلەر ئۇنىڭغا تەلمۈرۈپ قاراپ كېتەتتى.

داڭلىق ئادەم بولدۇم، دەپ ھەممە يەردە قاتراپ يۈرمە، بولمىسا قالتىس گەپلىرىڭمۇ ئاددىي ئاڭلىنىپ قالىدۇ. پات-پات يوقلىنىشنىڭ ئارقىلىق بارلىقىڭنىڭ قىممىتىنى كىشىلەرگە تونۇتۇپ قويمىقىڭ لازىم. كىشىلەر ئۆزىگە يېقىن، كۆزگە كۆپ كۆرۈنىدىغان نەرسىلەرگە ئۇنىڭ ھەقىقىي قىممىتى بىلەن ھېسابلاشماستىن ئەرزان باھا قويىدۇ. بۇنى كىشىلەرگە چۈشەندۈرەلمەيسەن، ئۆزگەرتەلمەيسەن. ئۆزگەرتەلمىگەن ئىكەنسەن ئۇنىڭدىن ساقلانمىقىڭ لازىم.

## ئىككى ئەمەس

كۈز پەسلى ئىدى. يوللاردا شامالنىڭ باھانىسىدا يەرگە ئويلاشمايلا چۈشكەن يوپۇرماقلار، ياق، غازاڭلار ئۆز تەقدىرىنى ساقلاپ ياتاتتى. ئۇلارنىڭ قالايمىقان ھالىتى مەن ئۆگەنگەن گىئومېترىيەلىك شەكىللەرنىڭ ھېچقايسىسىغا ئوخشىمايتتى. ئۇلارنى پەقەت «قالايمىقان» دېگەن سۆز بىلەنلا تەسۋىرلەشكە بولاتتى. يوپۇرماقلىق ھاياتىنى ئاخىرلاشتۇرغان بۇ غازاڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇپ، ئۆزۈمنى قېرىپ كەتكەندەك ھېس قىلدىم. ئادەم ھېچ ئىش قىلماي جىم تۇرسىمۇ قېرىپ كېتىشى ماڭا سەل ئادىلسىز تۇيۇلدى.

ھەممە ئادەمنىڭ كۈز پەسلى بولىدۇ. تۇرمۇشى قالايمىقان بولىدىغان، شۇنداقلا سان ـ ساناقسىز تاللاشلار ئارىسىدا قالىدىغان ۋاقىتلىرى بولىدۇ. چاتاق يېرى، مەلۇم بىر تاللاشنى قارار قىلغاندا، تاللىمىغان يەنە بىر تاللاش توغرىدەك تۇيۇلىدۇ. نەتىجىدە، ئۆزى تاللىغان ئاۋۋالقى تاللاشنىڭ خاتا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاشقا باشلايدۇ.

يەردە سۇنايلاپ ياتتىم. غازاڭلار مېنى جەسەت دەپ قالغان چېغى، ئۈستۈمگە چۈشۈشكە باشلىدى. قايسى ئىشنى قىلىشنى، قايسى ئىشنى قىلماسلىقنى، قايسى يولدا مېڭىشنى، قايسى يولدا ماڭماسلىقنى بىلەلمەي، گاڭگىراش ئىچىدە قالغان بۇ قالايمىقان ھاياتىمنى قانداق رەتلىشىم كېرەك.

مۇئەللىم: «بىر ئىش» دېدى ـ دە، غايىپ بولدى.

بىر ئىش؟ ئىككى ئەمەس شۇنداقمۇ؟ سانكرت تىلىدا «داۋائىت» دېگەن بىر سۆز بولۇپ، ئىككى ئەمەس دېگەن مەنىدە كېلەتتى.

تۇيۇقسىز بالىلىق دەۋرىم ئېسىمگە كەلدى. مەھەللىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر كىچىك دەرەخلىك، ئۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا ئىككى تۈپ ئۆرۈك دەرىخى بار ئىدى. بىرىنى تۇكلۇك، بىرىنى ياغلىما دەپ ئاتايتتۇق. گەرچە بۇ بىر ئۆرۈك دەرىخى بولسىمۇ، بىرەر قېتىم پىشقان ئۆرۈك يېگىنىم يادىمدا يوق. دەرەختىكى ئۆرۈكلەر غورا ھالىتىگە كېلە ـ كەلمەيلا، مەھەللىدىكى مەن باشلىق «ياۋايى غازلار پىدائىيلىرى» تەرىپىدىن يەپ تۈگىتىلەتتى. ئائىلاشلارغا قارىغاندا، قوشنىمىز باھارگۈل ئاچام بىر قېتىم پىشقان ئۆرۈكنى يەپ باققان ئىكەن. مىجىت ئاكامنىڭ ئوغلى مەردان، مەمەتجاننىڭ ئىنىسى مەھمۇدجان، باھارگۈل ئاچامنىڭ بالىسى ئەسقەر(مىللىتى قىرغىز)، نۇربىيەنىڭ ئاكىسى سادىر، ئەنۋەر قارا، ئىلياس ۋە ئىليار قاتارلىقلار مەن بىلەن دائىم بىللە ئوينايدىغان «ياۋا غاز پىدائىيلىرى»نىڭ ئەزالىرى ئىدى. بىز دائىم «بىر ئىش» قىلاتتۇق.

مەھەللىمىزدە ئۆي سېلىش ئۈچۈن ئەكەلگەن خىشلارنى رەتلىك ھالدا تىك قىلىپ، يىلان شەكلىدە تىزاتتۇق. ئاندىن بىرىنچى خىشنى ئۆرۈگەندە، باشقا خىشلارنىڭ ھەممىسى تەرتىپ بىلەن بىردىن ـ بىردىن ئۆرۈلەتتى. غازائلار ئىچىدىن تۇرۇپ كەتتىم. توغرا، بۇ دەل «دومىنو ئېففېكتى»

ئەمەسمۇ؟ دېدىم ئىچىمدە. بارلىق خىشلارنى ئۆرۈش ئۈچۈن پەقەت بىرلا خىشنى ئۆرۈسەك يېتەرلىك.

ئەمەلىيەتتە، بىرىنچى خىش ئۆرۈلگەندە، ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە چوڭلۇقتىكى خىشنى ئۆرىۋېتەلەيدۇ. ئوخشاش پىرىنسىپ بويىچە، ئىككىنچى خىش ئۆرۈلگەندە، ئۇمۇ ئۆزىدىن ئىككى ھەسسە چوڭلۇقتىكى خىشنى ئۆرىۋېتەلەيدۇ. مۇشۇ بويىچە ھېسابلاپ چىققاندا، ئون سەككىزىنچى خىشنىڭ چوڭلۇقى ئىتالىيە پىسا يانتۇ مۇنارىنىڭ ئېگىزلىكىگە تەڭ كېلىدۇ. 31 ـ خىش بولسا جۇمۇلاڭما چوققىسىنىڭ ئېگىزلىكىگە توغرا كېلىدۇ.

مۇئەللىم كەلدى.....

سەن ھاياتىڭدا ھەممە ئىشنى قىلالمايسەن. بىراق، ھەرقانداق بىر ئىشنى قىلالايسەن. ئاشۇ بىر ئىشنى قىلغىنىڭ ھەممە ئىشنى قىلغان بىلەن باراۋەر. تۇنجى بىر خىشنى ئۆرۈپ تاشلىيالىساڭلا، قالغانلىرى ئۆزلىكىدىن ئۆرۈلىدۇ. قاراڭغۇ ھاياتىڭدىكى بىر تال شامنى يورۇتساڭلا، قالغان ئۈچۈك شاملارنى كۆرەلەيسەن. ھەممە ئىشنى بىرلا ۋاقىتتا قىلىمەن دېيىش، ھېچ ئىش قىلماسلىق بىلەن باراۋەر.

كىشىلەر كۆپ ئۇتۇقلارنى قازىنىش ئۈچۈن كۆپ ئىشلارنى، چوڭ ئىشلارنى قىلىش كېرەك دەپ ئويلايدۇ. ئەمەلىيەت دەل ئەكسىچە، سەن كۆرگەن غايەت زور ئۇتۇقلار دەل سەن كۆرمىگەن، ھەتتا كۆرۈشنىمۇ خالىمايدىغان كىچىك ئۇتۇقلاردىن كەلگەن بولىدۇ.

جۇڭگودا، تۇمەنمىڭ چاقىرىملىق سەپەر بىر قەدەم بىلەن باشلىنىدۇ ۋە بىر قەدەم بىلەن ئاياغلىشىدۇ، دېگەن گەپ بار. كىچىك ئىشلارنى كىچىك كۆرمە. مۇھىم نەرسىلەرنىڭ چوڭ كۆرۈنۈشى، چوڭ كۆرۈنگەن نەرسىلەرنىڭ مۇھىم بولۇشى ناتايىن.

بامبۇكنىڭ ئالدىنقى تۆت يىلدا ئاران بەش سانتىمېتىر ئۆسۈپ، بەشىنچى يىلدا بىراقلا ئىككى مېتىر ئۆسىدىغانلىقىنى ئۇنتۇپ قالما.

كەلگۈسىنى بېكىتەلمەيسەن. بىراق ئادىتىڭنى بەلگىلىيەلەيسەن، ئادىتىڭ كەلگۈسىڭنى بەلگىلەيدۇ. ھاياتى قالايمىقانچىلىققا كىرىپ قالمايدىغان بىرمۇ ئادەم يوق. بەزىلەر بىر ئىش ئارقىلىق ھەممىنى رەتلەيدۇ، بەزىلەر بۇ قالايمىقانچىلىق دېڭىزىغا چۆكۈپ غەرق بولىدۇ.

ئادەم سۇغا چۈشۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن ئەمەس، سۇدىن چىقالمىغانلىقى ئۈچۈن تۇنجۇقۇپ ئۆلۈپ قالىدۇ. سۇغا چۈشۈپ كەتمەيدىغان ئادەم يوق، چىقالمايدىغانلار بار.

باشلاشنىڭ توغرا پەيتىنى كۈتمە. باشلاشنىڭ خاتا ۋاقتى يوق. كېچىككۈرۈشتە مول-ھوسۇل يوق. ناۋادا تاللىشىڭ خاتا بولۇپ قالغان بولسا، خاتا ئۆيگە كىرىپ قالغان بولساڭ، بۇمۇ مەيلى، خاتا ئۆيگە كىرىپ قېلىش ئىشىكنىڭ ئالدىدا، كىرەيمۇ-كىرمەيمۇ، دەپ ئىككىلىنىپ مەڭگۈ تۇرغاندىن ئەۋزەل. كىم بىلىدۇ، ئاشۇ خاتا ئۆيدە سەن ئىزدىگەن نەرسە بولمىغان بىلەن، سەن مۇھتاج نەرسە تېپىلىپ قالامدۇ؟!

## ئۆزىدىن ھالقىش

قولىمىزنى قىززىق سۇدىن ئېلىپ ئىلمان سۇغا چىلىساق، قولىمىز سوغۇق ھېس قىلىدۇ، بۇ پىسخولوگىيەدە سېلىشتۇرما ئېففېكتى دەپ ئاتىلىدۇ.

بۇ خىل پىسخىلوگىيەلىك ھادىسىنى بىرقىسىم كىشىلەر تۇغما بىلىدۇ. ئۇلار ئۆزىنىڭ ئۆتكۈزگەن بەزى خاتالىقلىرى تۇپەيلى ئەيىبلىنىشتىن ساقلىنىش ئۈچۈن، ئۇنىڭدىنمۇ چوڭ خاتالىق سادىر قىلىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا سودىگەرلەر ماللارغا ئاۋۋال ئىنتايىن يۇقىرى باھا قويىدۇ، ئاندىن ئەسلىدىكى باھاغا چۈشكەندە، خېرىدار بۇ مالنى بىكارغا ئالغاندەك ھېس قىلىدۇ.

تەرەققىيات جەھەتتىن قىززىق ھېسابلىنىدىغان ياپونىيەدىن ئىلمان ھېسابلىنىدىغان كورىيەگە كېلىپ، ئۆزۈمنى توڭلىغاندەك ھېس قىلدىم. ئادەملەرنى تولا كۆرۈپ زېرىككەن بولسام كېرەك، تۇيۇقسىز ھايۋاناتلارنى كۆرۈش خىيالى بىلەن، كورىيە سېئول ھايۋاناتلار باغچىسىغا كىردىم. تۇنجى بولۇپ كۆرگەن ھايۋان يولۋاس بولدى.

كىچىك ۋاقتىمدىن تارتىپلا يولۋاسقا ئالاھىدە مېھرىم بار ئىدى. بىلاكى شېئىرلىرىدا يولۋاسنىڭ كۆيۈۋاتقان ئوتقا سىمۋول قىلىنىشى، چېستىرتوننىڭ يولۋاسنى قورقۇنچلۇق لاتاپەتكە ئىگە، دەپ تەسۋىرلەشلىرىنى ياقتۇرىمەن. «جاڭگال

قامۇسى» ناملىق كىتاپتىكى يولۋاس شىرىي خاقانىنىڭ باش پېرسوناژىنىڭ دۈشمىنى ئىكەنلىكىنى ئوقۇغان ۋاقتىمدا، كۆڭلۈم شۇنداق يېرىم بولغان ئىدى.

ھەر قېتىم مەھەللىمىزدىكى ئىلياستىن تاياق يېگەن ۋاقىتلاردا، يولۋاسقا ئايلىنىپ ئۇنى يەۋېتىشنى تەسەۋۋۇر قىلىشقىمۇ ئۈلگۈرگەن ئىدىم. بالىلىق دەۋرىمدىكى يولۋاس بولۇش ئارزۇيۇم چوڭ بولغاندىن كېيىنكى ئۇۋچى بولۇش ئارزۇيۇم بىلەن ھېلىھەم زىددىيەتلىك تۇيغۇ پەيدا قىلىدۇ. بۇ خۇددى نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كىچىك ۋاقتىدا چوڭ بولۇش ئارزۇسى بىلەن چوڭ بولغاندىن كېيىنكى بالىلىق دەۋرىگە قايتىش ئارزۇلىرى زىددىيەتلەشكەندەك، بىر خىل غەلىتە بىئارام تۇيغۇ.

بۇ خىل بىئاراملىقتىن قېچىش ئۈچۈن ئاسمانغا قارىدىم. بىر توپ قۇش ئۇچۇپ كېتىپ باراتتى. ئۆز-ئۆزۈمدىن قۇشلارنىڭ سانى ئېنىقمۇ-ئەمەسمۇ؟ دەپ سورىدىم. بۇ مەسىلە مېنىڭ مەۋجۇت بولۇش ياكى بولماسلىقىم بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىدى. ئەگەر مەن راستىلا مەۋجۇت بولسام، قۇشلارنىڭ سانى ئېنىق بولۇشى كېرەك. مەۋجۇت بولمىسام، قۇشلارنىڭ سانى پەقەت بىر خىيالى تۇيغۇ خالاس. مېنىڭ كۆرگىنىم بىردىن كۆپ، ئوندىن ئاز قۇش. بىراق مەن ئېنىق ھالدا توققۇزنى، سەككىزنى، يەتتىنى، ئالتىنى، بەشنى، تۆتنى، ئۈچنى، ئىككىنى كۆرمىدىم. مەن پەقەت ئون بىلەن بىر ئوتتۇرىسىدىكى سانلىق مىقدارغا ئىگە قۇشلارنى كۆردۈم.

ماتېماتىكلار ئۈچ قوشۇلغان بىر بولسا تۆتىنىڭ باشــقىچە ئاتىلىشى دەپ قارايدۇ. دېمەك، بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، مېنىڭ كۆرگىنىم ئېنىق بىر سان، يەنى بۇ سان بولسا توققۇز ئەمەس ـ سەككىز ئەمەس ـ يەتتە ئەمەس ـ ئالتە ئەمەس ـ بەش ئەمەس ـ تۆت ئەمەس ـ ئــۈچ ئەمەس ـ ئىككــى ئەمەس دەپ ئاتىلىدىغان بىر سان. ھەرنېمە بولسا، مەۋجــۇت ئىكەنــمەن دەپ ئويلىدىم.

بۇ قالايمىقان ئــويلىرىمنى بىرەرســىنىڭ ھــېس قىلىــپ قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، بۇ يەردىن تېزلا ئايرىلــدىم. ئــۆزۈن ئۆتمەيلا، دىققىتىم ئالدىمدا كېتىــپ بارغــان بىــر تاشــپاقىغا چۈشتى. مەن ئەزەلدىن تاشپاقىنى ياقتۇرمايمەن. كورىيەلىكلەر ئارىسىغا كەڭ تارقالغان «ماڭا ئۆچ بولساڭ مەندىن ئېشــىپ كەت» دەيــدىغان ماقــال ـ تەمســىلنىڭ روھىغــا ئاساســەن، ئۇنىڭدىن ئېشىپ كەتمەكچى بولدۇم.

بىراق، ئون مېتىر ئالدىمدىكى بــۇ ھايۋانــدىن ئېشــىپ كېتىش ئۈچۈن، ئاۋۋال ئۇنىڭ يېرىمى بولغان بەش مېتىرنــى بېسىپ بولۇشۇم كېرەك. بەش مېتىرنى بېسىپ بولۇش ئۈچۈن ئۇنىڭ يېرىمى، ئىككى يېرىم مېتىر ئارىلىقنى بېسىپ بولۇشۇم كېرەك. ئىككى يېرىم مېتىرنى بېسىپ بولۇش ئۈچۈن ئۇنىــڭ يېرىمىنى بېسىپ بولۇشۇم كېرەك. مۇشۇ بويىچە ھېسابلىغاندا 1/2، 1/4، 1/8، 1/16، 1/32 ...دىن ئىبارەت بۇ چەكسىز داۋاملاشقان ئارىلىقلارنى مەڭگۈ بېسىپ بولالمايمەن. ناھايىتى ئېنىقكى، بۇ تاشپاقىدىن مەڭگۈ ئېشىپ كېتەلمەيمەن. بىردىنبىر ئاشالايدىغىنىم بولسا ئۆزۈم خالاس.

كاللامدىن ئىبارەت بۇ شاھمات تاختىسىدا، راكىروپ قىلىدىغان ۋاقىت كەلگەن بولسا كېرەك. خىيالىمدىكى بۇ قالايمىقان زىددىيەت ـ توقۇنۇشلاردىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن، كورىيە خىيالىغا شېئىرلىرىنى ناخشا تېكستى قىلغان بىر لەرزان ناخشىنى تىڭشىغاچ بۇ يەردىن كېتىپ قالدىم.

سەن بىر دەرەخنىڭ يېنىدا،
گەر يوپۇرماققا قارىساڭ.
شۇنچە قالايمىقان، شۇنچە ئاجىز،
گەر دەرەخنىڭ غولىغا قارىساڭ،
شۇنچە مۇستەھكەم، شۇنچە ئاددىي.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاڭلا ئەلى، سەن باشقىلارنى كاللاڭدىن چىقىرىۋەت. باشقىلار بىلەن بەسلىشىش ئۆزۈڭنىڭ سايىسى بىلەن بەسلەشكەنلىك. ھەقىقىي بەسلىشىدىغان ئادەم ـ تۈنۈگۈنكى سەن. بۈگۈنكى سەن تۈنۈگۈنكى سەندىن ئېشىپ كەتسىلا ئۇتتۇق دېگەن شۇ.

ئۆزىدىن ھالقىغان ئادەم دۇنيادىن ھالقىيدۇ. ئۇ ـ ھايات ئادەممۇر. تۇخۇم ئىچىدىن چىقىلغاندىلا ھاياتلىق پەيدا بولغاندەك، ئادەم خۇددى تۇخۇمنىڭ شاكىلىدەك ئۆزىنى قوغداش قىياپىتىگە كىرىۋالغان ھازىرقى «مەن» دىن بۆسۈپ چىقىپ كېتەلىگەن ۋاقىتتىلا ئۇ قايتا تۇغۇلىدۇ.

ئالدىڭدىكى ئادەمنى تارتىپ چۈشۈرۈپ، ئۇنىڭدىن ئېگىزدەك ھېس قىلىش، ئەخمەقلەرنىڭ ئۆزىنى ئالداش ئۇسۇلىدۇر. ئالدىڭدىكى، يېنىڭدىكى ھەتتا ئارقاڭدىكى بارلىق كىشىلەرنى ئىلگىرىلەشكە رىغبەتلەندۇر. ئۇلارنى ئىلھاملاندۇرۇش ئۆزۈڭنى ئىلھاملاندۇرغانلىق. بىراق، ئۆزۈڭگە كەلگەندە باشقىلارنىڭ ئىلھاملاندۇرۇشىنى ساقلاپ تۇرما. ئۇلار ھازىرچە ئۇنداق قىلالمايدۇ.

## نەتىجە ۋە سەۋەب

بۇ ۋەقە مەلۇم بىر سەيشەنبە كۈنى يۈز بەردى.

ئۇ كۈنى مەن ئوقۇغۇچىلارغا بىنورمال پسىخىكا توغۇرلۇق سۆزلىدىم. دەرس ئاخىرلىشاي دەپ تۇرغاندا، مەدىنە ئىسىملىك بىر قىز مەندىن:

- مۇئەللىم باياتىن بىرى بىزگە بىنورمال پسىخىكىغا ئىگە ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بەردىڭىز. ئەمدى نورمال ئادەمنىڭ قانداق بولىدىغانلىقىنى سۆزلەپ بېرەلەرسىزمۇ؟ - دەپ سورىدى.

مەن بىرئاز ئويلانغاندىن كېيىن:

- ھازىرغىچە ئۇنداق ئادەمنى ئۇچرىتىپ باقماپتىمەن، بىراق خاتىرجەم بولۇڭ، نورمال ئادەمنى ئۇچراتقان ھامان بىز ئۇنى داۋالىۋېتىمىز، - دەپ جاۋاب بەردىم.

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. دەرستىن چۈشۈپلا روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا باردىم. ئېغىر كېسەللىكلەر بۆلۈمىگە كىرىشىمگىلا 40 ياشلار چامىسىدىكى بىر چوڭ بالا بېگىز بارمىقى بىلەن كۆزىنى كۆرسەتتى. بۇ خىل ئىشارەت ئىنگلىزلارنىڭ ئارىسىدا «سەن يالغانچى» دېگەن مەنىدە كېلىدۇ. دىققىتىمنى ئەڭ تارتقىنى بولسا بىراۋنى توختىماي «ئىتنىڭ بالىسى! سەن بولمىغان بولساڭ .....» دەپ تىللاۋاتقان بىر ئايال بولدى.

كىسەلخانىدىكى بۇ كىشىلەرنى زاڭلىق قىلىش ئۇڭاي، بۇ ھەممە ئادەمنىڭ قولىدىن كېلىدۇ. بىراق مەن ئۇلارنى چۈشىنىشكە تىرىشتىم ۋە تىرىشىۋاتىمەن.

ھېلىقى ئايال توختىماي تىللاۋاتقان كىشى دەل ئۇنىڭ يولدىشى ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ بارلىق بەختسىزلىكىنى، شۇنداقلا بۇگۈنكى ھالغا چۈشۈپ قېلىشىغا ئاشۇ ئەر سەۋەبچى، ئۆزىنى بولسا ئاشۇ ئەرنىڭ، شۇنداقلا تەقدىرنىڭ زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىدىم، دەپ قارايتتى. «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى»دىن ئىبارەت بۇ كىملىك ئۇنىڭ سالاھىيىتىگە سىڭىپ كىرگەن ئىدى. ئەجىبا، بۇ ئايالنىڭ بەختسىزلىكىگە ھەقىقەتەن ئېرى سەۋەبچىمۇ؟

مۇئەللىم كەلدى.....

*ئەپەندىم بىر كۈنى، بىر ئۆينىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىپ بارغاندا، ئۆگزىدە ئىشلەۋاتقان بىرەيلەن ئۇنىڭغا سالام قىلىمەن دەپ، ئېھتىياتسىزلىقتىن يىقىلىپ، ئەپەندىمنىڭ ئۈستىگە چۈشۈپتۇ. نەتىجىدە، ئەپەندىمنىڭ بېلى سۇنۇپ كېتىپتۇ. بېلىنى تېڭىپ ئۆيدە ياتقان ئەپەندىم «تۇۋا، ئۆگزىدىن يىقىلغان ئادەم قوشنام تۇرسا، بېلى سۇنغان كىشى مەن ئەپەندىم بولۇپ قالغىنى قىززىق ئىش-دە» دەپ ئويلاپتۇ.*

ئاددىي سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتى بويىچە ئويلاشقاندا، ئەسلى بېلى سۇنغان ئادەم دەل ئۆگزىدىن يىقىلغان ئادەم شۇ بولسا بولاتتى. ئەكسىچە، بېلى سۇنغان ئادەم ئەپەندىم بولۇپ چىقتى.

ئاڭلا ئەلى، ئادەتتىكى كىشىلەر ھەرقانداق بىر نەتىجىنى سەۋەب كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ دەپ قارايدۇ، ئەمەلىيەتتە، نەتىجە سەۋەبكە مۇھتاج بولىدۇ خالاس. بىراق ۋاقىتنىڭ خاتا تۇيغۇ پەيدا قىلىشى سەۋەبىدىن، سەۋەب ئاۋۋال، نەتىجە كېيىن بولۇشتەك ئىلگىرى ـ كېيىنلىكنى شەكىللەندۈرىدۇ. ئادەم ئەزەلدىن ھەرقانداق بىر ئىشقا چۈشەندۈرۈش تەلەپ قىلغانلىقى ئۈچۈن، يۈز بەرگەن ئىشلارنى مەلۇم سەۋەبكە باغلاپ چۈشىنىدۇ ۋە چۈشەندۈرىدۇ.

بىر كۈننىڭ ئۆزىدىلا، بىر ئادەمنىڭ بەش سەزگۈ ئەزاسىغا ئۇچرايدىغان ئۇچۇرلاردىن تۈزۈلگەن رېئاللىق تەخمىنەن 400 مىليارد گىگابايتقا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئادەم مېڭىسى قوبۇل قىلىدىغىنى بولسا پەقەت ئىككى مىڭ گىگابايت بولىدۇ. بۇ شۇنىڭدىن دېرەك بېرىدۇكى، گەرچە رېئاللىق چەكسىز بولسىمۇ، كىشىلەر بۇ چەكسىزلىك ئىچىدىن ئۆزىنىڭ كاللىسىدىكى دۇنياغىلا ماس كېلىدىغان ئىككى مىڭ گىگابايتلىق ئۇچۇرنىلا تاللىۋالىدۇ. ئۆتمۈش دەپ ئاتىلىدىغان چەكسىز ئەسلىمىلەر ئىچىدىنمۇ، ئوخشاشلا ئۆزىنىڭ بىچارىلىكىنى ئىسپاتلايدىغان ئىنتايىن ئاز بىرقىسىم ئۇچۇرنىلا ئەسلەيدۇ ۋە ئىشىنىدۇ.

ئەمەلىيەتتە، تارتۇق جاراھەتتىن بۇرۇن، جاراھەت زەربىدىن بۇرۇن يۈز بېرىدۇ، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، تارتۇق جاراھەت ئارقىلىق، جاراھەت زەربە ئارقىلىق ئۆزىنى چۈشەندۈرىدۇ. ئەپەندىمنىڭ بىلى سۇنىشى ئۈچۈن، بىراۋنىڭ ئۆگزىدىن يىقىلىپ چۈشىشىگە مۇھتاج بولىدۇ. شۇنداق

دېيىشكە بولىدۇكى، بۇ ئايالنىڭ بەختسىزلىكى بىلەن بۇ ئايال تويي قىلغان ھېلىقى ئەرنىڭ قىلچە مۇناسىۋىتى يوق. بۇ ئايال تويي قىلىشتىن بۇرۇنلا دادىسىنىڭ ئائىلە زوراۋانلىقى تۈپەيلى ئۆزىنى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى دەپ بېكىتىپ بولغان.

ئىنسان ئۆزى توقۇۋالغان ھېكايىدە «زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى»نىڭ رولىنى ئۆتىگەندە، بۇ ھېكايىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ھېكايىدىكى «زىيانكەشلىك قىلغۇچىلار»نىمۇ مەڭگۈ تۆگەتمەيدۇ، ساقلاپ قالىدۇ ۋە ئۆزلۈكسىز يارىتىپ چىقىدۇ. «مەن» بولسا مۇشۇ رولنى ئوينىغاش ئارقىلىق مەۋجۇتلۇقىنى ساقلايدۇ. ئەلۋەتتە، بۇ ھېكايىغا ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى ئىشەندۈرۈش ئۈچۈن، سەۋەب-نەتىجە مۇناسىۋىتىدىن ئىبارەت بۇ خۇراپاتلىققا پېتىپ قالىدۇ.

## ئۇنۇمسىز ساياھەت

بۇ ۋەقە ئاۋغۇستنىڭ بىر كۈنى قاناستا يۈز بەردى.

مەن بىلەن ساياھەتكە كەلگەنلەرنىڭ ئىچىدە غۇلجا چاقچاقچىسى روزاخۇنمۇ بار ئىدى. يول بويى ئۇلار قاناستىكى غەلىتە مەخلۇق توغرىسىدا سۆزلەشتى. ھەربىر سۆزلىگەن ئادەم بۇ سىرلىق غەلىتە مەخلۇقنى تەسۋىرلىگەندە، بىر-ئىككى تەپسىلاتلارنى قوشۇپ قوياتتى. ئەلۋەتتە، ھەممىمىز باشقىلاردىن كۆپ نەرسىنى بىلىدىغانلىقىمىزنى ئىسپاتلاشقا مۇھتاج. قاناس راستلا گۈزەل ئىدى. كىشىلەر دەۋاتقان غەلىتە سىرلىق مەخلۇقنىڭ، ئەمەلىيەتتە، قاناسنىڭ ئۆزى ئىكەنلىكىنى ئۇلار مەڭگۈ بىلمەيتتى.

كەچتە، روزاخۇن بىلەن مەن بىر ياتاققا تەقسىم قىلىندۇق. تەقى-تۇرقى ئادەتتىكىچە، بىلىم قۇرۇلمىسى ئادەتتىكىچە، ھەتتا ئىپتقان يۇمۇرلىرىمۇ ئادەتتىكىچە بولغان بۇ بالىنىڭ ئادىمىيلىك پەزىلىتى باشقىچە ئىدى. سۆھبەت جەريانىدا، ئۇ تىلغا ئالغان تەخمىنەن يىگىرمە نەچچە كىشىنىڭ ھەممىسىنىڭ ياخشى گېپىنى قىلىش، ئەلۋەتتە ئادەتتىكى ئادەمنىڭ قولىدىن كەلمەيدۇ.

يانفۇنۇمنىڭ توكى ئاز قالغانلىقىنى بايقاپ، ئۇنىڭ توك قاچىلىغۇچىنى سوراي دەپ تۇرۇشىمغا، ئۇمۇ يانفۇنىغا توك قاچىلاشقا تەمشەلگەنىدى. خۇددى ئۇنىڭدىن توك قاچىلىغۇچنى

سورايدىغانلىقىمنى بىلگەندەك، روزاخۇن ماشا: «تېلېفونۇمنىڭ توكى خېلى بار، سەن ئىشلەت، ئاداش» دېدى ۋە توك قاچىلىغۇچنى بەردى ـ دە، سۇخانىغا كىرىپ كەتتى. مۇشۇ ئارىلىقتا ئۇنىڭ تېلېفونىغا ئۇچۇر كەلگەنلىكتىن، يورۇپ كەتكەن ئېكرانغا ئىختىيارسىز كۆزۈم چۈشتى. ئۇنىڭ باتارىيەسى بىر پىرسەنت توك قالغانلىقىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى. تۇيۇقسىز دوستلار چەمبىرىكىمگە يوللىغان بىر جۈملە يادىمغا كېلىپ قالدى:

ـ ھەقىقىي دوست دېگىنىمىز، ئاشخانىدا بىر كىشىلىكلا پۇلۇنىڭ بارلىقىنى بىلىپ، پۇلۇ بىلەن خۇشۇم يوق، دېيەلەيدىغان كىشى.

كەچ بولغاندا، ئۇ مېنى زېرىكىپ قالمىسۇن، دېدى بولغاي كەسپىمگە مۇناسىۋەتلىك بىر يۇمۇر ئېيتىپ بەردى:

بىر كۈنى، بىرەيلەن ھېسام ئاكامدىن پىسخىكىسى ساغلام بولغان ئادەم بىلەن ساغلام بولمىغان ئادەمنى قانداق ئايرىيمىز، دەپ سوراپتۇ. ھېسام ئاكام ئۇ كىشىگە:

ـ ئىككى ئادەمنى يىگىرمە قەۋەتلىك بىنانىڭ ئۈستىگە ئېلىپ چىقىپ ئىتتىرىۋېتىمىز. يەرگە چۈشكىچە ئۆلۈپ بولىدىغىنى پىسخىكىسى ناچار كىشى، ئۈستىدىن چۈشۈپ ئونىنچى قەۋەتكە كەلگەندە، ھازىرچە ھەممە ئىش جايىدا، دېيەلىگىنى بولسا پىسخىكىسى ساغلام كىشى، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

توغرا، نۇرغۇن كىشىلەر يەرگە چۈشمەي تۇرۇپلا ئۆلۈپ قالىدۇ. تېخى يۈز بەرمىگەن، شۇنداقلا يۈز بېرىش

ئېھتىماللىقى ئىنتايىن تۆۋەن ئىشلاردىنمۇ زىيادە ئەنسىرەيدۇ. بۇ خىل ئەنسىزلىك ئاستا ـ ئاستا ئۇلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ، ھارغىنلىققا پاتۇرۇپ قويىدۇ. مەن بىلەن بىرگە ساياھەتكە چىققان كىشىلەرنىڭ بەزىلىرى قانداقتۇر كەلگۈسىدىكى غەم ـ ئەندىشىلەرگە پېتىپ قالغان ئىدى. ساياھەتكە بېرىشقا قانچە ئالدىرىغان بولسا قايتىشقىمۇ شۇنچە ئالدىراۋاتاتتى. سوقراتتىن بىرەيلەن:

ـ مەن ساياھەت قىلىپ نۇرغۇن شەھەرلەرگە باردىم، بىراق، نېمە ئۈچۈن ھېچ خۇشاللىق تاپالمايمەن؟ ـ دەپ سورىغاندا، سوقرات ئۇنىڭغا:

ـ سەن قەيەرگىلا بارما كاللاڭنى ئۆزۈڭ بىلەن بىللە ئېلىۋالدىغان تۇرساڭ، خۇشال بولالىشىڭ مۇمكىنمۇ؟! ـ دەپ جاۋاب بەرگەنىكەن.

بەلكىم بۇ كىشىلەر ئورۇن ئالماشتۇرۇشقا ئەمەس، كاللا ئالماشتۇرۇشقا مۇھتاج بولسا كېرەك.

مۇئەللىم كەلدى.....

بىز رېئاللىققا قارىغاندا تەسەۋۋۇرىمىزدا بەكرەك ئازابلىنىمىز. ئازاب ـ ئوقۇبەتنى مۇبالىغىلەشتۈرۈش، تەسەۋۋۇر قىلىش، ھەتتا ئارزۇ قىلىش كۆپىنچە كىشىلەرنىڭ ئادىتىگە ئايلانغان.

بىر يۈەن پۇلنى يۈتتۈرىۋېتىپ كۆڭلى يېرىم بولغان بۇ كىچىك قىزنى بەزلەش ئۈچۈن، دادىسى بىر يۈەن بېرىۋىدى، ئۇنىڭ ئېخىمۇ كۆڭلى يېرىم بولۇپ يىغلاپ كەتتى. دادىسى نېمىشقا يىغلايدىغانلىقىنى سورىغاندا، ئۇ قىز:

- باياتىنقى بىر يۈەن پۇلـۇمنى يۈتتـۈرمىگەن بولسـام، هازىر ئىككى يۈەن بولاتتى، - دەپ جاۋاب بەردى.

غەم - ئەندىشە بولسا بار نەرسىلەرنى يوقۇتۇشتىن، يـوق نەرسىلەرگە ئېرىشىشتىن، ئاران كۆنگەن هاياتىنىڭ ئۆزگىرىپ كېتىشىدىن هەم شۇنداقلا مەڭگۈ ئۆزگەرمەي قېلىشىدىن كېلىپ چىقىدۇ.

مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن ئەنسىرىگەن بۇ ئەمەلـدار «ئەمدى قانداق بولار؟» دېگەننى تولا ئويلاپ، مەنسىپىدىن ئايرىلىپ قېلىشتىن بۇرۇن روهىدىن ئايرىلىپ قالدى.

ئوغلىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كېلىشىنى سـاقلاۋاتقان ئانـا ئەڭ ئوسال ئەهۋالنى تەسەۋۋۇر قىلدى. تاكى ئۆلگىچە بالىسـىنىڭ ئۆيگە قايتىپ كەلمەسلىكىدىن ئەنسىرەپ ئۆتتى.

سەن ئۈمىد قىلغان «ياخشى ئىش» ۋە يـۈز بېرىشـتىن ئەنسىرىگەن «يامان ئىش» بەرىبىـر يـۈز بەرمەيـدۇ. يـۈز بەرسىمۇ، سەن ئويلىغان ئـۇ ۋاقىتتـا يـاكى ئورۇنـدا يـۈز بەرمەيدۇ. غەم - ئەندىشە تۈتۈنگە ئوخشايدۇ، ئۇ هېچقانداق نەرسـىنى ئىسسـتالمايدۇ ۋە كۆيدۈرۈۋېتەلمەيـدۇ، پەقەت كۆزۈڭنى ئېچىشتۇرىدۇ. غەم - ئەندىشىگە پېتىپ قالغان كىشـى خۇددى تۈتۈننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالغانـدەك، هېچنەرسـىنى كۆرەلمەيدۇ.

نېمىنىڭ سەن ئۈچۈن ياخشى، نېمىنىڭ سەن ئۈچۈن يامان ئىش ئىكەنلىكىنى بىلمەيسـەن. ۋاكسـىنا ئەمـلەش ئۈچـۈن دوختۇرنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بېرىلغان بۇ بالا پۈتـۈن دىققىتـى بىلەن قولىغا يىڭنە سانجىلغان ۋاقىتتىكى ئاغرىقنى ئويلىدى -

يۇ، بۇ ئاغرىقنىڭ باشقا نۇرغۇن ئاغرىشلارنىڭ ئالدىنى ئالدىغانلىقىنى ئويلىيالمىدى.

ئادەم ئۆزى بىلمەيدىغان ھەرقانداق نەرسىدىن، شۇنداقلا ئۆزىگە تونۇش بولمىغان ھەرقانداق نەرسىدىن ۋە مۇھىتتىن قورقىدۇ. مۇشۇ سەۋەبلىك ئۆزگىرىشلەردىن قورقىدۇ.

شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، قاراڭغۇدا سېنى قورقۇتقان نەرسىلەر كۈندۈزدە كۈلگۈڭنى كەلتۈرىدۇ. تراگېدىيە دەپ ئويلىغان نەرسىلەر كومېدىيە بولۇپ چىقىدۇ. ئىنسان ئەزەلدىن ياخشىلىقتىن قېچىپ قۇتۇلالىغان ئەمەس، مۇشۇنى بىلگەن ۋە ئىشەنگىنىڭدە پۈتۈك قايرىلىپ كەتكەن ۋاقىتلاردىمۇ «ياخشى بولدى» دېيىشنى ئۆگىنىسەن.

## قېرىنداش ۋە قېرىنداش

مەكتەپ گەرچە بىلىم ئېلىشنىڭ ئاخىرقى نۇقتىسى بولمىسىمۇ، بىراق، باشلىنىش نۇقتىسى بولىدۇ. دۇنيادىكى كاتتا ئىشلارنىڭ كۆپىنچىسى ئاددىي كۈنلەردە يۈز بېرىدۇ.

ئۇ كۈنى باشلانغۇچ مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىغا لېكسىيە سۆزلەپ بېرىشكە تەكلىپ قىلىندىم. كۈتۈۋېلىش ئۈچۈن چىققان بىرقانچە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ يول باشلىشى بىلەن كارىدورغا كىردىم. سىنىپلاردا باللار ئىمتىھان بېرىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ جىددىي ئىمتىھان بېرىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ «نېمىشقا دائىم سوئالغا جاۋاپ بېرىشتىن ئىمتىھان ئېلىنىپ، جاۋابقا سوئال قويۇشتىن ئىمتىھان ئېلىنمايدۇ؟» دېدىم. ئەتراپىمدىكىلەر كۈلۈشۈپ كەتتى.

بىر ئوقۇغۇچى ئۈچۈن ئېلىپ ئېيتقاندا، سوئال سوراش بولسا جاۋاب بېرىشتىنمۇ مۇھىم ھېسابلىنىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، سوئال سوراش قابىلىيىتى يېرىم ئەقىلگە باراۋەر دېيىلىدۇ. مېنىڭچە، بىر ئوقۇتقۇچى تۈنجى بولۇپ ئوقۇغۇچىلارغا سوئال سوراشنى ئۆگىتىشى كېرەك. سوئال سوراشنى باشلىغان ھامان ئادەم مېڭىسى تەپەككۇر قىلىشقا كىرىشىدۇ. سوئال سوراش بولسا ئادەم مېڭىسى ئۈچۈن ئېنىق بىر نىشاننى بېكىتىپ بەرگەنلىك بولۇپ، مېڭىدىكى نېرۋا

ھۇجەيرىلىرىنى قوزغاش ۋە ھەرىكەتلەندۇرۇشتىكى ئەڭ ياخشى ئۇسۇل ھېسابلىنىدۇ.

ئوقۇغۇچىلار ئادەتتە ئوقۇتقۇچىلارنىڭ ئۇلارغا بەرگەن بىلىملىرىدىن بەكرەك ئۇلارنىڭ خارەكتىرى، ياشاش ئۇسۇلى ۋە ھاياتىدىن بەكرەك يۇقۇملىنىدۇ. دائىم ئوقۇغۇچىلىرى تەرىپىدىن ماختىلىشىنى تەلەپ قىلىدىغان ئوقۇتقۇچىلار لاياقەتسىز ئوقۇتقۇچىدۇر. ئوپېراتسىيە ئۇستىلىدە ياتقان بىمار قانداقمۇ دوختۇرنى ماختىسۇن.

زالغا كىردىم. باشلانغۇچ مەكتەپ بالىلىرىغا لېكسىيە سۆزلەش مەن ئۈچۈن بىر قېتىم ۋەزىپە ئىدى. كۆزۈم تۇيۇقسىز ئالدىنقى رەتتە ئولتۇرغان بىر ئوقۇغۇچىنىڭ پارتىسى ئۈستىدىكى قېرىنداشقا چۈشتى ۋە ئاشۇ قېرىنداش ئارقىلىق لېكسىيەنى باشلاپ كەتمەكچى بولدۇم.

ـ ھەممىڭلارنىڭ قېرىندىشى بارمۇ؟ ـ دەپ سورىدىم.

ـ بار! ـ دەپ بىرلىكتە ۋارقىراشتى بالىلار.

ـ ئۇنداقتا ھەممىڭلار قېرىنداشلىرىڭلارنى ماڭا كۆرسىتىڭلار.

مېنى ۋە ئەتراپىمىكىلەرنى ھەيران قالدۇرغىنى شۇ بولدىكى، ئۇلار مەن ئويلىغان خەت يېزىش ئۈچۈن ئىشلىتىدىغان قېرىنداشنى كۆرسەتمەستىن، ھەربىرسىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان ساۋاقداشلىرىنى «قېرىنداش» سۈپىتىدە ئوماق بارماقلىرى بىلەن كۆرسىتىشكە باشلىدى. سىنىپ جىمجىتلىققا چۆمدى. باياتىن بىرى داۋاملاشقان ۋاراڭ ـ چۇرۇڭ تۇيۇقسىز ئۈزۈلۈپ، مەۋجۇتلۇقنى ئىپادىلىمەيدىغان بىر رەڭلىك چىۋىننىڭ غىڭشىغان ئاۋازىدىن باشقا ھېچقانداق ئاۋاز

ئاڭلانمايتتى. سىنىپ مۇدىرىغا قارىدىم. ئوقۇغۇچىلىرىنىڭ بەرگەن «خاتا» جاۋابىدىن پەخىرلەنگەن ئۇ چىرايلىق خانىم خىجىل بولۇپ يەرگە قارىۋالدى.

ـ جاۋابلار ئىنتايىن توغرا بولدى، ئۆزۈڭلار كۆرسەتكەن قېرىنداشلارنى مەڭگۈ قەدىرلەڭلار، ئەمدى بىز سىلەر مەڭگۈ يوقىتىشقا بولمايدىغان يەنە بىر قېرىنداش توغرىسىدا سۆزلىشەيلى، ـ دېدىم ـ دە، قولۇمغا بىر تال قېرىنداشنى ئالدىم.

ـ سىلەردەك ۋاقتىمدا بوۋام تاپشۇرۇق ئىشلەۋاتقىنىمنى كۆرۈپ يېنىمغا كەلدى ـ دە، «بالام، توختىماي قېرىنداش بىلەن بىر نەرسىلەرنى يېزىۋاتىسەن، بىراق، ئۆزۈڭ داۋاملىق ئىشلىتىدىغان ئۇ قېرىنداشنىڭ ساڭا نېمىلەرنى دېمەكچى بولغىنىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدى. مەن گاڭگىراش ئىچىدە بېشىمنى چايقىدىم.

بوۋام دېدى.....

قېرىنداشنىڭ ھەقىقىي مۇھىم قىسمى بولسا ئۇنىڭ تېشى ئەمەس بەلكى ئىچىدۇر. ئادەمنىڭمۇ دۇنياغا قالدۇرۇپ كەتكەن ئىزى ئۇنىڭ تېشىدىن ئەمەس بەلكى ئىچىدىن كېلىدۇ.

قېرىنداش ئۆچۈرگۈچى بىلەن ياسىلىدۇ. خەت يازغان ئىكەنسەن خاتالىق بولىدۇ. خاتالىقنىڭ كۆپ بولۇشى يازغان خېتىڭنىڭ كۆپ بولۇشىدىن دېرەك بېرىدۇ. خاتالىق سادىر قىلىشتىن قورققان كىشى خەت يېزىشتىنمۇ توختايدۇ. خاتالىق بولسا تەبىئەتنىڭ ئىنسانلارغا بىردىنبىر ئۆگىتىش قورالى.

يازغاندا پات ـ پات توختــاپ يازىســەن. ئالدىــدا نــېمە يازغىنىڭنى بىلمىسەڭ، كەينىدە نېمە يېزىشنى بىلمەي قالىسەن. ھاياتىڭدىمۇ پات ـ پات توختاپ ئارقىڭغا قاراشنى ئۇنۇتما. بۇ ئالدىڭغا دادىل قەدەم ئېلىشىڭغا ياردەم قىلىدۇ.

ھېكــايە ئاياغلاشــقاندا، ئوقۇغۇچىلارنىــڭ كۆزىــدىن مەمنۇنلۇقنى ھېس قىلدىم. مەن ئۇچۇن ئۇلارنىڭ ھېكــايەمنى چۈشىنىشى ماڭا چاۋاك چېلىشتىنمۇ مۇھىم ئىدى. مانا بۇ بىر ئادەتتىكى كۈندە مەن ئۇلارغا قېرىنداشنىڭ بىزگە نېمىلەرنــى ئۆگىتىدىغانلىقىنى دەپ بەردىم. ئۇلار ماڭا قېرىنداشنىڭ نــېمە ئىكەنلىكىنى دەپ بەردى.

## مۇكەممەللىك ۋە مۇكەممەلشۇناسلىق

ئاۋغۇستىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى، بىر توپ باللار بىلەن جەنۇبىي تاغقا يېتىپ كەلدۇق. ئادەم توپى بىلەن لىق تولغان بۇ مەنزىرە ماڭا ئۈچ خىل خۇشاللىقنى ئاتا قىلدى. ساپ ھاۋا، كوللىكتىپ ھېسسىيات ۋە ئادەم ھەرىكىتىنىڭ مۇددىئاسىزلىقىنىڭ گۈزەللىكى.

كۆز ئالدىمدىكى بۇ مەنزىرە تولىمۇ مۇكەممەل ئىدى. بىراق، جويسنىڭ[①] كىتابى تەييارلىقى يوق ئوقۇرمەنلەر ئۈچۈن ئىنتايىن قالايمىقان تۇيۇلغاندەك، بۇ خىل مۇكەممەل گۈزەللىكنى ھېس قىلىش ئۈچۈن كۆزنىڭ راۋۇرۇس تەييارلىقى بولۇشى كېرەك. شۆھرەتپەرەسلىك تەرىپىدىن ئۇنتۇغاقلىققا گىرىپتار بولغان بۇ كىشىلەر ئۆزىنىمۇ تونۇپ يېتىشتىن قورقىدىغان تۇرسا، بۇ تاغنىڭ مۇكەممەللىكىنى قانداقمۇ بىلەلىسۇن.

سېفىنكسنىڭ[②] ساقىلىغا ئوخشاش ئېقىپ چۈشكەن شارقىراتمىلار يەرگە چۈشكەندە، ئۇنىڭدىن قاڭقىپ چىققان تامچە-تامچە سۇلار سانلار تەبىئىتىنىڭ چەكسىز

---

① جويس-تولۇق ئىسمى جامىس جويس بولۇپ، 19-ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن ئىرلاندىيىلىك يازغۇچى.

② سېفىنكس-گىرىك ئەپسانىلىرىدىكى بەدىنى شىرغا، باش قىسمى ئادەمگە ئوخشايدىغان مەخلۇق.

تەرتىپسىزلىكىنى ئېيتىپ بېرىۋاتاتتى. نەچچە يۈزمىڭلىغان ئادەملەرنىڭ ئاياغ ئاستىدا قېلىپمۇ، يەنىلا توختىماي گۈللەرنى، ھېچبولمىغاندا ياۋا ئوت-چۆپلەرنى ئۆستۈرۈۋاتقان بۇ ئەگرى چىغىر يولنىڭ گۈزەللىكىنى نېمە دەيسەن؟! تۈز سىزىقنىڭ ئىنسانغا، ئەگرى سىزىقلارنىڭ بولسا ئىلاھقا خاس ئىكەنلىكىنى ئۇلار قانداقمۇ بىلسۇن؟! يىراقلاردىن ھېركولىسقا[1] ياردەم بەرگەن مىتال قۇزغۇن بىلەن ئەجدىرھانىڭ سىماسى كۆرۈنۈپ تۇراتتى.

بۇ مۆكەممەللىكتىن ھوزۇرلىنىۋاتقىنىمدا، دوستۇم ئىبراھىم بۇ مەنزىرىلەردىن قۇسۇر تېپىپ قاخشاشقا باشلىدى. ئۇنىڭ دانتىلارچە[2] تىرىشچانلىقى مېنى تەسىرلەندۈرسىمۇ، ھەممە نەرسىدىن رازى بولمايدىغان خۇيى مېنى بىئارام قىلاتتى. ئۆزى يازغان شېئىرلىرىدىمۇ رېئاللىقنى دائىم ئانرىئال قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشاتتى. ئۇنىڭ كەيپىياتى دائىم تۇراقسىز تۇراتتى. ئادەتتە ئۇنىڭ چىرايىنى كۆرمەي تۇرۇپ، ئاۋازىنى ئاڭلىسا بىر خىل، ئاۋازىنى ئاڭلىماي چىرايىغا قارىسا بىر خىل، چىرايىغا قارىغاچ ئاۋازىنى ئاڭلىسا يەنە بىر خىل كۆرىنەتتى. يازغان شېئىرلىرى خېلى ياخشى بولسىمۇ، ھازىرغىچە بىرەرسى ئۆزىگە ياراپ باقمىدى. خۇددى شېئىرلىرى ئۆزىگە يارىمىغاندەك، ئۆزىمۇ ئۆزىگە ئەزەلدىن ياراپ باقمىدى. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا ئۇ

---

① ھېركولىس-گرېك ئەپسانىلىرىدىكى بىر قەھرىمان. يەنى، زېۋېسنىڭ ئوغلى.
② دانتې-ئوتتۇرا ئەسىردە ياشىغان ئىتالىيەلىك شائىر.

پسىخولوگىيەدىكى مۇكەممەلشۇناسلىق كېسەلگە گىرىپتار بولغاندى.

مۇكەممەلشۇناسلىق كېسەلىگە گىرىپتار بولغانلار مۇكەممەللىكنى قوغلىشامدۇ؟ ياق! ئۇلار دەل مۇكەممەلسىزلىكنى قوغلىشىدۇ. مۇكەممەلشۇناسلىق بىلەن مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش ئەمەلىيەتتە ئىككى نەرسە. مۇكەممەللىكنى قوغلىشىش دېگىنىمىز، ئۆزىنى ئىپادىلەش جەريانىدا ئۆزىدىكى كەمچىلىكلەرنى بايقاپ، ئۈزلۈكسىز تاكامۇللىشىشنى كۆرسىتىدۇ. مۇكەممەلشۇناسلىق بولسا بىر خىل پسىخىكا كېسەللىكى بولۇپ، خاتالىق سادىر قىلىشتىن ۋە مەغلۇپ بولۇشتىن، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ قىلغان، يازغان ۋە سۆزلىگەنلىرىنى ياراتماي قېلىشىدىن ئەنسىرەپ، «تېخى مۇكەممەل بولمىدى» دېگەننى باھانە قىلىپ، ئىشلارنى ئارقىغا سۈرۈش، چالا قىلىش ۋە قەستەن داۋاملاشتۇرماي ۋاز كېچىشنى كۆرسىتىدۇ. نەتىجىدە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭدىن قۇسۇر تېپىشىدىن زىيادە ئەندىشە قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۆزى باشقىلاردىن قۇسۇر تېپىش ئارقىلىق ئۆزىنى بەزلەيدۇ.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاڭلا ئەلى، كىشىلەر ئۆمرىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئەقىللىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن، كۈچلۈك بولۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى كۈچلۈك كۆرۈنۈش ئۈچۈن، باي بولۇش ئۈچۈن ئەمەس بەلكى بايدەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن، ياخشى ئادەم بولۇش ئۈچۈن ئەمەس، ياخشىدەك كۆرۈنۈش ئۈچۈن سەرپ قىلىدۇ.

كىشىلەر تەربىيىسىدىن دۆت دەپ قارىلىشتىن ئەنسىرەش ئۇلارنى ھەقىقىي دۆتكە ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. ئەقىللىق بولۇش ئىرىشچانلىق كۆرسىتىشنى، شۇنداقلا بۇ جەرياندا خاتالىق ئۆتكۈزۈشنى تەلەپ قىلىدىغان بىر جەريان خالاس. ئەكسىچە، ئەقىللىق كۆرۈنۈش ئۈچۈن بولسا خاتالىق سادىر قىلماسلىقتا، خاتالىق سادىر قىلماسلىق ئۈچۈن ئۆزى بىلمەيدىغان نەرسىلەردىن قېچىشقا توغرا كېلىدۇ.

ئەقىللىق بولۇش ئۈچۈن بىلمەيدىغاننى بىلىمەك لازىم. بىلمىگەندە ئۆزۈڭنى دۆتتەك ھېس قىلىسەن، بىراق بۇ ھەرگىزمۇ دۆت ئىكەنلىكىڭدىن دېرەك بەرمەيدۇ. مانا بۇ، سەن چوقۇم بىلىشكە تېگىشلىك ھادىسە.

ئۇلار ئەقىللىق كىشى ھەممە ئىشنى تېز قىلالايدۇ دەپ ئويلىغانلىقى ئۈچۈن سەۋرسىز كېلىدۇ. ئىشلار قىيىنلاشقاندا بىئارام بولىدۇ ۋە ئوڭايلا ۋاز كېچىدۇ. تېپىشماق تېپىشنى خالىمايدۇ.

«توغما ئەقىللىق» ۋە «توغما دۆت» دېگەن گەپلەر پەقەت ئەپسانە خالاس. پادىشاھ ئەجداتلىرى ئىچىدە قۇللار بار، قۇللارنىڭ قېنىدا پادىشاھلارنىڭ قېنى بار.

ئاڭلا ئەلى، كىمنىڭ ئەقىللىق بولۇپ تۇغۇلىشى ئەمەس، بەلكى كىمنىڭ ئەقىللىق بولۇپ ئۆلۈش ئادەمنىڭ مۇۋەپپەقىيىتىنى بەلگىلەيدۇ.

پۈتۈن ئادەم دېگىنىمىز، ھەم دۆت ھەم ئەقىللىق بولالىغان كىشىدۇر. ھەممە ئادەم دۆت دەپ ئاتىلىشتىن

قورقسا، سەن قورقما. ھەممە ئادەم رەسىملەرنى سەت سىزىشتىن قورقسا، سەن قورقما.

قارا، ئاپىسى بىلەن باللار باغچىسىغا تۇنجى كىرگەن بۇ بالا باشقا باللار تەرىپىدىن سىزىلىپ تامغا ئېسىلغان بىر رەسىمنى كۆرسىتىپ «بۇ سەت رەسىمنى كىم سىزدى» دەپ سورىدى، ئۇنىڭ كۆڭلىدە نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىنى بىلىپ قالغان مۇئەللىم كۈلۈپ تۇرۇپ: «بۇ يەردە رەسىملەرنى سەت سىزىشقا رۇخسەت قىلىنىدۇ» دەپ جاۋاب بەردى. بۇنى ئاڭلىغان بالا خاتىرجەم بولدى ۋە باغچىدا خوشاللىق بىلەن قالدى.

ھاياتىڭدا رەسىملەرنى سەت سىزىشقا، كىشىلەر ئالدىدا جىددىيلىشىشكە، شېئىرلارنى ناچار يېزىشىڭغا، ئۆيلىرىڭنىڭ ئانچە ـ مۇنچە قالايمىقان بولۇشىغا ۋە بەزى كىشىلەرنىڭ سېنى ياقتۇرماسلىقىغا تامامەن رۇخسەت قىلىنىدۇ. قىلغان خاتالىقلىرىڭنى ئۆزۈڭگە سالاھىيەت قىلىۋالما. قىلغان ئىشىڭ مەغلۇپ بولۇشى مۇمكىن، بىراق سەن مەڭگۈ مەغلۇبىيەتچى ھېسابلانمايسەن.

تۇيۇقسىز بىر قېتىم، بىر قاپ مىختىنى يەرگە تۆكىۋەتكەندە ئاپام بىلەن بولغان ئاددىي بىر دىئالوگ يادىمغا كەلدى.

ـ مەن راستىنلا بىر كالامپايكەنمەن، ـ دېدىم مەن.

ـ مىخ تۆكۈلۈپ كەتسە ئۇنداق دېمەيمىز، بالام، ـ دېدى ئاپام.

ـ ئەمىسە نېمە دەيمىز؟

-مىخ تۆكۈلۈپ كەتتى، تىرنۇۋېتەي دەيمىز.

# چاقماق سوققان گۈل

ھەرقېتىم ئۈستۈن ئــاتۇش ئاقتــاش قەبرىســتانلىقىدىن ئۆتكىنىمدە، ئىختىيارسىز چوڭ ئانامنى ئەسلەپ قالغىنىمدەك، بۇ قەھۋەخانىنىڭ ئالدىدىنمۇ قازاق قىزى[①] جانارنى ئەسلىمەي ئۆتەلمەيمەن.

ئۇ كۈنى كەچ كۈتكۈچىگە ئەللىك پىرسەنتلىك پىشۇرۇلغان كالا گۆشىنى ئەكىلىپ بېرىشنى بــۇيرۇدۇم. جانــار ئىنتــايىن چىرايلىق كۆينەك كىيىۋالغانىدى. قىزلار ئادەتتە ئوغۇللارنىــڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈنلا ئەمەس، باشقا قىزلارنىڭ دىققىتىنى تارتىش ئۈچۈنمۇ چىرايلىق ياسىنىدۇ. بىراق، ئەرلەر ئــادەتتە ئاياللارنىڭ كىيىملىرىگە بەك دىققەت قىلىپ كەتمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئاياللارنى دائىم كىيىمسىز تەسەۋۋۇر قىلىدۇ.

جانار بولسا شۇنچىلىك گۈزەل ۋە لاتاپەتلىك قىز ئىــدى. ھەرقانــداق بىــر ئەرنىــڭ ئۇنىــڭ ئالدىــدا ھېسســـياتىنى يوشۇرۇشى ھەقىقەتەن قىيىن ئىدى. مەنمۇ ئۇنىــڭ ســىرتىدا ئەمەس. بەزىــدە، كــۆزگە دەقىقىلىــق قــاراش ۋە يانفۇنــدا يوللانغان ئاددىي بىر ئۇچۇرلارمۇ بىزنى ھېسسىيات دېڭىزىغــا غەرق قىلىۋېتىدۇ. سۇ توسمىسىدا كىچىككىنە بىر يوچۇق پەيــدا بولىدىمۇ، پۈتۈن سۇ ئامبىرى ۋەيران بولىدۇ.

---

① جانار- ئەسلى ئىسىم ئۆزگەرتىلدى.

تۇيۇقسىز بورگىس[①] ئەسەرلىرىدىكى «مەن سۆيگۈنۈمنىڭ ساداقەتمەنلىكىنى ئويلاپ خۇش بولۇۋاتقاندا، ئۇ ئالدىراش هالدا مېنى ئالداۋاتاتتى» دېگەن جۈملىسى ئېسىمگە كەلدى. مانا مۇشۇنداق پەيتلەرگە تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن ئۆزۈمنى قانداق كونترول قىلىشنى ئۆگەنگەنىدىم.

- مېنى قانداق ئىش بىلەن ئىزدەپ قالدىڭىز؟ - دەپ سورىدىم.

- قوش قۇتۇپلۇق هېسسىيات پارچىلىنىش كېسەللىكىگە گىرىپتار بولغىنىمغا ئۇزۇن بولدى، بىراق بۇ كېسەلدىن ساقايغۇم يوق. ساقايسام رەسىملەرنى بۇنداق سىزالمايمەن، - دېدى جانار ۋە يانفونىدىكى ئۆزى سىزغان بىرنەچچە ماي بوياق رەسىملەرنى كۆرسەتتى.

- ئەمەلىيەتتە سىز ئاللىبۇرۇن ساقىيىپ بوپسىز.

- بىراق مەن ئۆزۈمنى بىنورمالدەك هېس قىلىمەن، بۇنداق بولماسلىقىم كېرەكتى، دەپ ئويلايمەن.

- مەن سىزگە بىر يۇمۇر ئېيتىپ بېرەي.

بىر كۈنى، بىر مۇخبىر روهىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا زىيارەتكە بېرىپتۇ. ئىشىكتىن كىرىشىگىلا بىر بىمارنىڭ تامغا قۇلىقىنى چىڭ چاپلاپ، بېرىلىپ نېمىنىدۇر تىڭشاۋاتقانلىقىنى كۆرۈپتۇ ۋە قىزىقىپ ئۇمۇ تامنى تىڭشاپ بېقىپتۇ، لېكىن هېچنەرسە ئاڭلانماپتۇ. ئەجەپلەنگەن بۇ مۇخبىر بىماردىن:

---

① بورگىس - برازىلىيىلىك ئەما يازغۇچى.

ـ مەن ھېچنەرسە ئاڭلىيالمىدىمغۇ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.
بىمار مۇخبىرغا:
ـ مەنمۇ تىڭشاۋاتقىلى سەككىز يىل بولـدى، ھېچنەرسـە ئاڭلىيالمايۋاتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.
جانار كۈلۈپ كەتتى. قانداق كۈلۈشنى ئۇنتۇپ قالغـان ئاغزى تېخى كۈلۈشتىن مەھرۇم قالمىغانلىقىنى ھېس قىلـدى. خۇددى ئاشۇ يۇمۇردىكى بىمارغا ئوخشاش، ئەسلىدىنلا ئـاۋاز يوق تاملاردىن چوقۇم بىرنەرسە ئاڭلىشىم كېرەك ئىدى، بىراق ئاڭلىيالمايۋاتىمەن دەپ ئازابلانغاندەك، كىشـىلەر قانـداقتۇر نورمال ھايات، نورمال ئادەم، بەختلىك تۇرمۇش دېگەنـدەك ئۇقۇملارنى كەشىپ قىلىپ «مەن ئاشۇنداق بولۇشۇم كېـرەك ئىدى» دەپ ئازابلىنىپ يۈرىدۇ.
جانار ئىنتايىن تەس ھالدا ئۆزىنىـڭ كىچىـك ۋاقتىـدا قوشنىسـى تەرىپىـدىن دائىـم «بەدەنلىرىنـى سـىلاش»قـا ئۇچرىغانلىقىنى ئېيتىپ بەردى. ئەمەلىيەتتە، كـۆپىنچە قىـزلار كىچىك ۋاقتىدا جانارغـا ئوخشـاش ئـۆزى تونۇيـدىغان ۋە ئىشىنىدىغان كىشىلەر تەرىپىـدىن پەسكەشـلىككە ئۇچرايـدۇ. گەرچە ئۆزى زىيانكەشلىككە ئۇچرىغۇچى بولسـىمۇ، ئـۆزىنى جىنايەتچىدەك ھېس قىلىدۇ. نەتىجىدە، خاتالىق ئۆتكـۈزدۇم دەپ ئـويلاپ، ئـۆزىنى تـۆۋەن كـۆرۈش پىسخىكىسـى شـەكىللىنىدۇ. تېخىمـۇ ناچـار بـولغىنى، «باشـقىلارنىڭ مۇھەببىتىگە ئېرىشىشكە ئەرزىمەيمەن، چوقۇم بەدەل تۆلىشىم كېرەك» دەپ ئويلايـدۇ. ئـۆزىگە يېقىنلاشـقان كىشـىلەرنى ئاڭسىز ھالدا قەسـتەن بىـزار قىلىـش ئـارقىلىق ئۆزىـدىن

يىراقلاشتۇرىدۇ، ئاندىن ئازابلىنىدۇ، بۇ ئازابلاردىن ۋايسايدۇ، بىراق ئاگسىز ھۆزۈرلىنىدۇ.

بىر قېتىم ئازار يېگەن يـۈرەك كېـيىن ئېھتىيـات بىـلەن سوقىدىغان بولۇپ قالىدۇ. بىر قېتىم چاقماق كۆرۈپ قالغـان گۈلنىڭ ئىككىنچى قېتىم ئېچىلىشقى تەسكە توختايدۇ.

مۇئەللىم كەلدى.....

جاۋابى «شاھمات» بولغان تېپىشماقنى ئېيتقاندا، تىلغـا ئېلىشقا بولمايدىغان بىردىنبىر سۆز شاھماتتۇر. مـۇھەببەتتىن ئايرىلسا «ھېچنىمە»گە ئايلىنىـپ قالـىدىغان بـۇ ھاياتتـا، مۇھەببەت قانچە ئاز تىلغـا ئېلىنغانسـىرى شـۇنچە گـۈزەل بولىدۇ. ئەي گۈل، كىم سـاڭا مـۇھەببەت قۇيـاش نۇرىغـا ئامراق، دېدى. ئۇچقۇن قاراڭغۇغا ئاشـىق بولغانـدەك ئـۇ قاراڭغۇنى ئىستەيدۇ. قائىـدىلەرگە بويسـۇنمايدۇ، ئۇنىڭغـا ئاتا ـ بوۋىلىرىڭدىن قالغان مىراس دۇئالار ئەمەس، دىقـقەت قىلمىغاندا قەلبىڭدىن چۆشۈپ قالغـان مۇڭلـۇق نـوتىلاردىن تۈزۈلگەن شەخسىي دۇئالىرىڭ ئارقىلىق ئېرىشىسەن.

مـۇھەببەت ئەقـىل بىـلەن ئەزەلـدىن چىقىشـالمايدۇ، ئىسكەندەرنىڭ ئېتى بۇسۇالىسـقا ئوخشـاش يـامغۇر كەبـى ياغدۇرۇلغان يا ئوقلىرىغـا قارىمـاي، ئالـدىغا مېڭىۋېرىـدۇ. مۇھەببەتتىن زەررىچە يۇقۇملانمىغان ئەخـمەق شـائىرلارنىڭ مۇھەببەت ياخشى، دېيىشلىرىگە قۇلاق سـالما؛ ئـۇ ياخشـى ئەمەس، بەلكى شەخسىيەتچى، ھەتتا رەزىل كېلىدۇ. پادىشاھ داۋۇت، ئېلىيامنىڭ قىزى باسشـىبەگكە ئېرىشـىش ئۈچـۈن،

ئۇنىڭ ئىرى شــۇنداقلا ئۆزىنىــڭ ئەڭ ســادىق جەڭچىســى يۇرىياتنى ئالدىنقى سەپكە ئەۋەتىپ ئۆلتۈرگەن ئەمەسمۇ؟!

ئەي گۈل! مۇھەببەت چۈشىنىشــكە ۋە چۈشەندۈرۈشــكە مۇھتاج ئەمەس، قانچە چۈشىنىشــكە ئۇرۇنغانســىرى، ئــۇنى شۇنچە مەجرۇھ قىلىپ قويىسەن. مەلىكە ساھىك ئىرۇس بىلەن توي قىلغاندا، ئىرى ئۇنىڭغا:

ـ سىنىڭ ھەرقانداق تەلىپىڭنى ئورۇنــدايمەن، ســەندىن كۈتىدىغان بىرلا تەلىپىم بار، چىرايىمغا مەڭگۈ قارىمايسەن، ـ دېدى.

بىر مەزگىل بەخت ئىلكىدە ياشىغان مەلىكە توي قىلغــان ئادىمىنىڭ يىلان بولۇپ قېلىشىدىن ئەنســىرەپ، بىــر كــۈنى كەچ، شام نۇرىدا ئىرىنىڭ چىرايىغا قارىدى، ھالبۇكى ئىرۇس ئىنتايىن گۈزەل ھەم كېلىشكەن ئىدى، ھەرگىزمــۇ بىــر يــۈز قىرىق قارىغۇ خوتۇنى بار، چىرايى بەتبەشرە يالغان ئەۋلىيــا ھەكىمگە ئوخشىمايتتى. گۇمان، تەشۋىش مەلىكىنى مۇھەببەت ئىلاھىدىن مەھرۇم قىلدى.

ئەي گۈل! مۇھەببەت دەرياغا ئوخشايدۇ. دەسلەپتە تاغ چوققىسىدىن باشلىنىدۇ، تاغ چوققىســىدىن چۈشــكەندە، شۇنچە يالغۇز، شۇنچە ئەخمىقانە ھالدا ئۆزىنى ھەممە نەرسىگە ئۇرىدۇ. ئۇ بارا ـ بارا چوڭ بولىدۇ، ئۆزىگە ئوخشاش يالغۇز ئېقىنلار بىلەن كۆرۈشىدۇ، بىلىشىدۇ ۋە بىرلىشىدۇ. ئــاخىرى، پىشىپ يېتىلگەندە، ئالــدىغا ئۇچرىغــان قــورام تاشــلارنىمۇ يېڭىپ، مەنزىلگە بارىدۇ.

ئەي گۈل! تۇپراقلىرىڭدىن گۈمانلانما، سەسكەنمە، ئۇنىڭ بەتبۇي بولۇشى سېنى گۈزەل قىلىش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟! ئەي گۈل! سېنىڭ ئاجىز بولۇش ئىمتىيازىڭ بار، بىراق ئۇنى ئاجىزلاشتۇرۇش ھوقۇقۇڭ يوق؛ كىچىك ئېرىقلارنىڭ سەندىن يۈز ئۆرۈشىدىن ئەنسىرىمە، شۇ تۇپەيلى يامغۇر بىلەن ئۇچرىشىسەن؛ يوقتىشلاردىن ئەنسىرىمە، ئادەم پەقەت ئەزەلدىن ئېرىشىپ باقمىغان نەرسىلەرنىلا يوقىتىدۇ؛ ئەي گۈل! دۈشمىنىم باركەن دەپ مەيۈسلەنمە، شۇ تۇپەيلى دوستلىرىڭنى تاپىسەن، يەنە تاپىسەن.

ئاي نۇرى كېچە-كۈندۈز، قىش-ياز ئېچىلىپ تۇرغان بۇ گۈلگە دېدى:

- ئەي گۈل، سەن شۇنچە زامان ئېچىلىپ تۇرساڭمۇ ھەسەل ھەرىسى كەلمىدى، چارچىمىدىڭمۇ؟

گۈل جاۋابەن:

- بىلىمەن، بەلكىم ھەسەل ھەرىلىرى مەڭگۈ كەلمەسلىكى مۇمكىن، بىراق ئېچىلىپ تۇرمىسام، چوقۇم قۇرۇپ ئۆلۈپ كېتىمەن، شۇڭا مەن بۇرۇنقىدەك ۋە كېيىنكىدەك مەڭگۈ ئېچىلىپ تۇرۇشنى تاللىدىم، - دەپ جاۋاب بەردى.

## جامائەت ۋە ئەنئەنە

خوتەن شەھرى قاراقاش ناھىيەسىدىكى بىر ئوتتۇرا مەكتەپ مەيدانىدا سۆزلىگەن بىر قېتىملىق نۇتۇقۇمدا، بىر ئوقۇغۇچىدىن:

ـ دەرەخنى يېگىلى بولامدۇ؟ ـ دەپ سورىغانىدىم.

ـ ياق، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

ـ سەن دەرەخنى يەپ باققانمۇ؟

ـ ياق.

ـ ئۇنداقتا دەرەخنى يېگىلى بولمايدىغانلىقنى قانداق بىلدىڭ؟

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى. گەرچە سوئالغا جاۋاب بېرەلمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ جاۋابى ئىنتايىن ئېنىق، يەنى ئۇ ئەتراپىدىكى ھېچكىمنىڭ دەرەخنى يېگەنلىكىنى كۆرمىگەن. ئارقىدىنلا مەن ئۇنىڭغا:

ـ سەن ئاۋۋال دەرەخنى يەپ كۆر، ئەگەر راستىنلا يېگىلى بولمىسا، نېمىشقا يېگىلى بولمايدىغانلىقنى تېپىپ چىق. ئەگەر بەزى قىسىملىرىنى يېگىلى بولسا، ئاشۇ قىسىمنى ئايرىپ چىق. كىم بىلىدۇ، ئۇنىڭدىن ھېچكىم تېخى بايقاپ باقمىغان دورا كەشىپ قىلىپ قالامسەن. مانا بۇ سېنىڭ مەكتەپتە ئوقۇشۇڭنىڭ بىر سەۋەبى.

ئۇيغۇرلار ئادەتتە بىر ـ بىرى بىلەن خوشلىشىش ئۈچۈن ئاز دېگەندە تۆت قېتىم «ماقۇل ئەمىسە» دېيىشىدۇ، بىرلا قېتىم «خوش» دېيىشكە تېگىشلىك ئىشقا تەكرار تۆت قېتىم دېيىشكە مەجبۇر بولىدۇ. بۇنى ئادىمىيلىك، ئەخلاق ياكى ئەنئەنە دېگەندىن كۆرە، بىر ـ بىرىگە ياخشى كۆرۈنۈش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ۋاقىت ئىسراپچىلىقى دېيىشكە بولىدۇ. چۈنكى بىر مىليون ئۇيغۇر مۇشۇ بويىچە خوشلاشقاندا، تەخمىنەن ئاتمىش يىل ۋاقىت ئىسراپ بولىدۇ. ئاتمىش يىل بىر ئادەمنىڭ ئۆمرى ھېسابلىنىدۇ.

نۇرغۇن ۋاقىتلاردا «ئەنئەنە» دېگەن ئىبارەت پادىشاھ تونىغا ئورىنىۋالغان كۆپلىگەن ئىسراپچىلىق ۋە بىمەنىلىكلەرنى كىشىلەر بىلىپ تۇرۇپ داۋاملاشتۇرىدۇ. چۈنكى ئۇلار «ئەنئەنىدىن چىقىپ كەتكەن ئادەم» دېگەن نامغا قېلىشنى خالىمايدۇ. گەرچە نۇرغۇن ئەنئەنىلەر ئاللىبۇرۇن رولىنى يوقاتقان بولسىمۇ، ھەتتا كىشىلەرنىڭ ۋاقتى، تەرەققىياتى ۋە سالامەتلىكىگە زىيان ئېلىپ كەلسىمۇ، كىشىلەر «نېمىشقا؟» دېگەن سوئالنى سورىماستىن، ئۇنىڭ ئۈچۈن داۋاملىق بەدەل تۆلەيدۇ.

قەدىمكى ياپونىيەدە، مايۇكاگې دەپ ئاتىلىدىغان بىر داڭلىق ئىبادەتخانا بولۇپ، باش ئۇستازنىڭ ياخشى كۆرىدىغان بىر مۈشۈكى بار ئىكەن. ھەر قېتىم ئىبادەت قىلغاندا ۋە شاگىرتلارغا ئىلىم بەرگەندە، بۇ مۈشۈكنى ھەمىشە يېنىدا ئېلىپ يۈرۈيدىكەن.

بىر كۈنى ئەتىگەن ئۇستاز ئۆلۈپ قاپتۇ، ئورنىغا ئۇنىڭ ئەڭ چوڭ شاگىرتى ۋارىسلىق قىلىپتۇ. باشقا شاگىرتلار يىڭى ئۇستازدىن مۈشۈكنى قانداق بىرتەرەپ قىلىشنى سورىغاندا، چوڭ شاگىرت ئۆلۈپ كەتكەن ئۇستازنىڭ ھۆرمىتى ۋە دائىم ياد ئېتىپ تۇرۇش ئۈچۈن مۈشۈكنى داۋاملىق ئىبادەتخانىدا ئېلىپ يۈرۈشنى قارار قىلىپتۇ.

ۋاقىتنىڭ ئۆتىشىگە ئەگىشىپ ئۇ مۈشۈكمۇ ئۆلۈپ قاپتۇ. مۈشۈككە كۆنۈپ قالغان شاگىرتلار باشقا بىر مۈشۈكنى ئۇنىڭ ئورنىغا قويۇپ قويۇپتۇ. ھەر قېتىملىق ئىبادەت ۋە دەرسلەرگە بىر مۈشۈكنىڭ قاتنىشىدىغانلىقىنى ئاڭلىغان باشقا ئىبادەتخانىدىكىلەرمۇ، ئۇلارنى دوراپ تۇشمۇتۇشتىن مۈشۈك بېقىشقا باشلاپتۇ. ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ، بۇ ئىبادەتخانىنىڭ داڭلىق بولۇشى دەل مۈشۈك بولغانلىقتىن دەپ قارىلىپتۇ.

ھەتتا، بۇددا دىنىدىكى زېن مەزھىپىدە، مۈشۈكنىڭ مۇھىم رول ئوينايدىغانلىقى توغرىسىدا نەزىرىيەلەر بوپتۇ. تۇيۇقسىز بىر ئەسىردىن كېيىن، ئىبادەتخانىغا يىڭى كەلگەن بىر ئىستىداتلىق ئۇستازغا مۈشۈك رېئاكسىيە قىلغانلىقى تۈپەيلى، ئىبادەتخانىدىن بارلىق مۈشۈكلەرنى چىقىرىۋېتىشنى بۇيرۇپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق چۆچۈگەن بارلىق راھىبلار بۇ قارارغا قاتتىق قارشى چىقىپتۇ. ئۇستاز ئەگەر مۈشۈكلەر چىقىپ كەتمىسە، ئۆزىنىڭ كېتىدىغانلىقىنى ئېيتىپتۇ. نەتىجىدە، ئۇ ئىبادەتخانىدىن مۈشۈكلەر چىقىرىۋېتىلىپتۇ. گەرچە مۈشۈكلەر بولمىسىمۇ، بىلىملىك ئۇستازنىڭ يېتەكچىلىكىدە بۇ

ئىبادەتخانىنىڭ تېخىمۇ داغقى چىقىپتۇ. مۇشۇكلەردىن تولىمۇ زېرىكىپ تۇرغان باشقا ئىبادەتخانىلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن مۇشۇكلەرنى چىقىرىۋېتىشكە باشلاپتۇ.

ھەرقانداق بىر جەمئىيەتتە بۇنىڭغا ئوخشاش «مۇشۇكلەر»نى دائىم ئۇچرىتىپ تۇرىمىز. جامائەت دەپ ئاتىلىدىغان كىشىلەر توپى بىزگە ۋە ئۆزلىرىگە «مۇشۇك»نىڭ مۇھىملىقىنى تەكىتلەيدۇ. بىراق، «نېمىشقا مۇھىم؟» دېگەن سوئالنى سوراپ كۆرمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار ئۆزلىرىمۇ بۇنى بىلمەيدۇ. ئۇنداقتا بىز جامائەتتىن ئايرىلىپ ياشىشىمىز كېرەكمۇ؟

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاگلا ئەلى، سەن يالغۇز تۇغۇلدۇڭ، يالغۇز ئۆلىسەن. بىراق، ياشاش جەريانىدا باشقىلار بىلەن بىللە ياشايسەن. جامائەت بولسا خەلق سۆيىتىدە سېنى قوغدايدىغان بىر قالقان. ئۇنىڭغا تايىنىپ ھايات كەچۈرىسەن. سەن بىلەن بىللە ياشىغان، بىللە ئۆگەنگەن ۋە ئۆگەتكەنلەرنى چوقۇم ھۆرمەتلە. خۇشاللىق ۋە قايغۇسىنى باشقىلار بىلەن ئورتاقلىشالمىغان كىشى ئۆزىنىڭ ئارتۇقچىلىقى ۋە كەمچىلىكىنى بىلەلمەيدۇ.

خەلقتىن ئايرىلساڭ تېزلا ئۆچىسەن. لاۋۇلداپ كۆيىۋاتقان بۇ ئوچاققا قارا، خالىغان بىر چوغنى ئۇنىڭدىن ئايرىۋەتسەڭ، تېزلا ئۆچۈپ قالىدۇ. بىراق، دائىم ھەممە ئادەمنى خۇشال قىلىمەن، دەپ يۈرمە. بۇ ھەرگىزمۇ سېنىڭ ئۇلارغا بولغان

مۇھەببىتىڭنىڭ كۆچلۈك بولۇشى ئەمەس، بەلكى ئۆزۈڭگە بولغان مۇھەببەتنىڭ ئاجىز ئىكەنلىكىنىڭ ئىپادىسى.

ئادەم بىر بولسا جامائەتنى دورايدۇ، بىر بولسا جامائەتكە ئۆچ بولۇپ قالىدۇ. سەن ئىككىلىسىدىن پەخەس بول. ئەخمەقلەرنىڭ سانى كۆپ بولغانلىقى ئۈچۈنلا ئۇلارغا ئەگەشسەڭ بولمايدۇ، شۇنداقلا باشقىلار ساڭا ئوخشىمىغانلىقى ئۈچۈنلا ئۆچ بولۇپ قالساڭمۇ بولمايدۇ.

ھەممە ئادەم «راست» دېگەنلىكى ئۈچۈنلا «راست» ئوخشايدۇ دەپ ئەگىشىۋەرمە. پەقەت كۆزى كۆرمەيدىغان قارىغۇ كىشىلەرلا: «ئاڭلا! ئالدىمىزدا يورۇقلۇق بار ئوخشايدۇ، ھەممە ئادەمنىڭ شۇنداق دېگىنىنى ئاڭلىدىم» دەيدۇ.

مەۋقاسى بار، مەيدانى بار، مەزمۇنى بار ئادەم بول. ئادەملەر ئارىسىدىكى سېنى ياخشىلىيالايدىغان ۋە سەن ياخشىلىيالايدىغان كىشىلەر بىلەن ياشا. ئادەم باشقىلارنى ياخشىلاش جەريانىدا ئۆزى ياخشىلىنىدۇ.

خەلقنىڭ مەدەنىيەتلىرىنى ۋە چاۋاكلىرىنى قوبۇل قىلساڭ ۋە ھوزۇرلانساڭ بولىدۇ، بىراق، ماختاشلىرىنى ۋە چاۋاكلىرىنى ھاياتىڭنىڭ ئوزۇقى قىلىۋالما. بەزىدە ئىككىمىزلا بىر-بىرىمىزگە جامائەت بولالايمىز. ئەگەر بارلىق گەپلەرنى بىرلا جۈملىگە ئايلاندۇرۇشىمنى تەلەپ قىلساڭ مەن ساڭا:

- جامائەت بىلەن بىللە ياشا، بىراق جامائەتكە ئايلىنىپ قالما، - دەپ جاۋاب بېرىمەن.

## دوست ۋە دوستلۇق

مەن ئوقۇغان خېلى كۆپ ئەسەرلەردە، «دوست» دېگەن بۇ سۆز قوش تىرناق ياكى قوش پەش ئىچىگە ئېلىنىپ يېزىلىدۇ. بۇنداق بولۇشى «دوست» دېگەن سۆزنى كىنايە شەكلىدە ئىپادىلەش ۋە ياكى دۈشمەن سۈپىتىدە تەسۋىرلەش بولسا كېرەك.

تارىختا دوستلۇق ئارقىلىق يارىتىلغان شانلىق غەلىبىلەرنى، شۇنداقلا دوستلۇق تۈپەيلى ئۇچرىغان رەھىمسىز تراگېدىيەلەرنى دائىم ئاڭلاپ تۇرىمىز. ئەينى دەۋىردە، پادىشاھ قەيسەر ئۇنى قەستلەش ئۈچۈن كەلگەن بىر تۈركۈم كىشىلەرنىڭ ئارىسىدا ئۆزىنىڭ ئەڭ يېقىن دوستى بۇرۇتۇسنى كۆرۈپ پۈتۈن بەدىنىنى تىترەك بېسىپ كەتكەنىدى.

«دوست» دېگەن سۆز ئۇيغۇر تىلىغا پارسچىدىن كىرگەن بولۇپ، كۆڭلى يېقىن كىشى ۋە سۆيگۈنى دېگەن مەنىلەردە كېلىدۇ. دوستۇم ئابدۇشۇكۇر بىر قېتىم «ئاغىنە» دېگەن سۆز بولسا «ئاغا» ۋە «ئىنى» دېگەن ئىككى سۆزدىن تۈزۈلگەنلىكىنى دەپ بەرگەن ئىدى. بۇ نۇقتىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، دوستلۇق بولسا ياشنىڭ، ۋاقىتنىڭ، ماكان ۋە زاماننىڭ چەكلىمىسىگە ئۇچرىمايدۇ. يۈز يىل ھەتتا مىڭ يىل ئىلگىرىكى كىشىلەرنىمۇ دوست تۇتۇشقا تامامەن بولىدۇ.

شۋىتسىيە شاھزادىسى چارلىز II يالاڭتۆش پەيلاسوپ دىئوگىنىسنى[1] دوست تۇتقان ئەمەسمۇ؟!

باللىق دەۋرىمىزدە، دوستقا ئەڭ مۇھتاج بولىدىغان ۋاقىت دەل ئويۇن ئوينايدىغان ۋاقىتلار ئىدى. مەھەللىدىكى باللار بىلەن مۆكۈ-مۆكىلەڭ ئويناشنى ناھايىتى ياخشى كۆرەتتىم. بۇ ئىنتايىن قىزىقارلىق ئويۇن ئىدى. (بۇ ئويۇندا باشقىلار سىنى تاپالمىسا يەڭگۈچى ھېسابلىناتتىڭ. چوڭ بولغاندىمۇ شۇ، كىم سىنى تاپالمىسا ھايات ئويۇنىدا يەڭگەن ھېسابلىنىسەن.) باللىق چاغلىرىمىزدا، خۇشاللىق ئۈچۈن دوستقا مۇھتاج بولساق، چوڭ بولغانسېرى مۇھتاجلىق، يالغۇزلۇق، قىيىنچىلىق ھەتتا مەنپەئەتمۇ ئادەملەرنى بىر-بىرى بىلەن دوست قىلىپ قويىدۇ. ھەتتا ئورتاق گۇناھكارلىق تۇيغۇسىمۇ كىشىلەرنى بىر-بىرىگە باغلىۋېتىدۇ.

مېنىڭمۇ مەن بىلەن تەقدىرداش ۋە قېرىنداش بولۇپ ياشاۋاتقان دوستلىرىم بار. ئۇلارنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلارنىڭمۇ مېنى ياخشى كۆرىدىغانلىقىغا ئىشىنىشنى خالايمەن. گەرچە دوست بولساقمۇ، ئاشكارا ۋە يوشۇرۇن ھالدا ئۆزئارا رىقابەت ۋە ھەسەتلەردىن خالىي بولالمايمىز. ئوخشاش ياش، ئوخشاش جىنس، ئوخشاش ماكان بولۇپمۇ ئوخشاش كەسىپكە ئىگە بولغان دوستلار ئارىسىدا سۈركىلىش تېخىمۇ كۆپ

---

① دىئوگىنىس-گىرېك پەيلاسوپى. ئۇ كۈندۈزلەردىمۇ پانۇس كۆتۈرۈپ يۈرەتتى. كىشىلەر ئۇنىڭدىن نېمىشقا بۇنداق قىلىدىغانلىقىنى سورىغاندا، راست ئادەم ئىزدەۋاتىمەن، دەپ جاۋاب بېرەتتى.

بولىدۇ. چۈنكى پەقەت ئوخشاش يولىدىكىلەرلا بىر-بىرى بىلەن دوقۇرۇشۇپ قالىدۇ.

ئەرلەر ئايالىلارنى كاللىسىدىن چىقىرىۋېتىش ئۈچۈن ئۇلارغا ئېرىشمەكچى بولىدۇ. دوستلارمۇ ھەسەت قىلماسلىق ئۈچۈن بىر-بىرىنى يەڭمەكچى بولىدۇ. ياكى دوستىنىڭ يېڭىلىشىنى كۆرۈشنى ئارزۇ قىلىدۇ. بولۇپمۇ، ئەرلەرنىڭ خۇشاللىقى باشقىلارنى يېڭىشتىنلا ئەمەس، مۇھىمى ئۇلارنىڭ يېڭىلگەن ھالىتىنى كۆرۈشتىن كېلىدۇ. دوستلاردا بۇ خىل ئەھۋاللارنىڭ بولۇشى ئىنتايىن تەبىئىي. بۇ ئەنسىرەپ كەتكۈدەك ئىش ئەمەس. لېكىن، ھەقىقىي خەتەر بولسا دوستلۇق نىقابىنى كىيىۋېلىپ، ئۆز دوستلىرىغا ۋە قېرىنداشلىرىغا زىيانكەشلىك قىلىشقا ئۇرۇنىدىغان ئاشۇ كىشىلەردىن كېلىدۇ.

بۇ ھەقىقەتنى چۈشەنگەن ۋولتايىر ئەينى دەۋردە: «تەڭرىم، دوستلىرىمدىن پاناھ تىلەيمەن، دۈشمەنلىرىمگە ئۆزۈم بار.» دەپ دۇئا قىلغانىدى. كافكا ئۆز ئەسەرلىرىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، ئۇلارنى دوستىغا تاپشۇرۇپ: «ئەسەرلىرىمنى كۆيدۈرۈۋەت» دېگەنىدى. چۈنكى كافكا دوستىنىڭ ئۇنىڭغا ساتقۇنلۇق قىلىدىغانلىقىنى، نېمە دېسە ئۇنىڭ ئەكسىنى قىلىدىغانلىقىنى بىلەتتى.

ھاياتتىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق بولسا مەن ئۇنىڭغا ياخشىلىق قىلغانىدىم، شۇڭا ئۇمۇ كۆڭلەرنىڭ بىرىدە ماڭا جاۋاب قايتۇرىدۇ، دەپ ئۇنىڭغا ئىشەنچ باغلاشتۇر. بەزىدە باشقىلارغا قىلغان ياخشىلىق ئۇلاردا بېسىم ھەتتا ئۆچمەنلىك پەيدا قىلىپ قويۇشى مۇمكىن. باشقىلارغا ياخشىلىق قىلىش

تۇغرا، بىراق، دائىم قىلغان ياخشىلىققا جاۋاب قايتىشنى كۈتۈش ۋە ئىشەنچ باغلاش بولسا خاتا.

ئافرىقىلىقلاردا «سۇ ئۇستىگە قاراپ ئاققان بولسا ياخشىلىققا جاۋاب قايتىپتۇ دەپ بىل» دەيدىغان ماقال-تەمسىل بار. سۇ قانداقمۇ ئۇستىگە قاراپ ئاقسۇن؟ مېنىڭچە، دوستقا پاكى قېرىنداشقا ياخشىلىق قىلالىغىنىمىزنىڭ ئۆزىلا بىزگە يېتەرلىك جاۋاب قايتقانلىق بولىدۇ. بۇ ھېچ بولمىغاندا بىزنىڭ ياخشىلىق قىلىش ئىقتىدارىمىزنىڭ بارلىقىنى ئىسپاتلايدۇ.

بىز دوستلىرىمىزدىن ئايرىلالمايمىز، بىراق، خاتىرجەم بىللىمۇ ياشىيالمايمىز. مانا مۇشۇنداق تېگىرقاش ۋە ئەندىكىشلەر ئىچىدە مۇئەللىمدىن دوستلۇق توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىشنى ئۆتۈندۇم.

مۇئەللىم كەلدى.....

بىراۋغا ھۆكۈم قىلىپ بولغاندىن كېيىن دوست بول، دوست بولۇپ بولغاندىن كېيىن ھۆكۈم قىلما. ئەگەر بىراۋ سەن بىلەن دوست بولۇشنىڭ پايدىسى تەگكەنلىكى ئۈچۈنلا دوستلاشقان بولسا، ئۇخشاشلا سەندىن ئايرىلىشنىڭ پايدىسى تەگكەن ھامان غايىب بولىدۇ.

دوستۇڭدىن كېلىدىغان خەتەر تەبىئىي ئاپەتتىن نەچچە ھەسسە يامان بولىدۇ. ئوت ئاپىتى ۋە كەلكۈن قاتارلىقلار يېقىنلاشقانسىرى ئېنىق كۆرۈنىدۇ. دوستۇڭدىن كېلىدىغان ئاپەت بولسا يېقىنلاشقانسىرى يوشۇرۇن ھالەتكە ئۆتىدۇ.

ئۇنىڭغا دوست دەپ ھۆكۈم قىلغان شۇ كۈندىن باشلاپ، ئىشەنسەڭ بولىدۇ. ئـۇلار تەرىپىـدىن ئالـدىنىپ قېلىشـتىن قورقـۇپ يـۈرمە، ئالـدىنىپ قېلىشـتىن ھەمىشـە قورقـۇپ يۈرىدىغان كىشىلەر ئۆزى باشقىلارغا ئۇنى قانداق ئالداشـنى ئۆگىنىـدۇ. پەقەت دوسـتۇڭغا ۋە سـۆيگۈنۇڭگىلا دېيىشـكە بولىدىغان گەپلەر بار، بەزى سىرلىرىڭنى ئۇلارغا دەپ بەرسەڭ بولىدۇ. سىرلىرى قانچە كۆپ ئادەم ئۆزىنى شـۇنچە يـالغۇز ھېس قىلىدۇ.

ھەممە ئادەمگە ئىشىنىش بىلەن ھېچكىمگە ئىشەنمەسـلىك ئوخشاش بىر خاتالىق. ئالدىنىقسى گۆدەكلـىك، كېيىنكىسـى قورقۇنچاقلىق. بەزىـلەر ئـۆزىگە ئىشـەنمىگەنلىك تـۈپەيلى ھېچكىمگە ئىشەنمەيدۇ، نەتىجىدە، دوست تۇتۇشتىن قورقۇپ، يالغۇزلۇقنى تاللىۋالىدۇ. پۈتۈن ئۆمرىنى دېڭىزدا ئۆتكۈزگەن بـۇ ماتروسـىنى بـاتۇركەن دەپ قالمـا. ئەمەلىيەتـتە، ئـۇ «قۇرۇقلۇقتىن قورقۇش» كېسىلىگە گىرىپدار بولغـان. بەزى چاغلاردا دوستىسىزمۇ يالغۇز ياشىيالايدىغان بول، بىراق، بىـر ئۆمۈر يالغۇز ياشاشنى پەزىلەت دەپ قالما.

دائىم سىنى قايىل قىلىشقا تىرىشىدىغان دوستلاردىن يىراق تۇر؛ دائىم يول كۆرسىتىدىغان دوستلاردىن يىراق تۇر؛ دائىم سېنى بىسىش ئارقىلىق ئـۆزىنى كۆتۈرىـدىغان دوسـتلاردىن يىراق تۇر؛ ئۇلار مەن سەندىن ياخشى دېمەكچى بولىدۇ.

دوستلىرىڭ بىلەن بەك كۆپ ۋاقتىڭنى بىللە ئۆتكـۈزمە. ئۇنداق بولمىغاندا، كېـيىن خالىمىسـاڭمۇ بىلـلە يۈرۈشـكە مەجبۇر بولىسەن. خۇددى فورماندىيان دۆلىتىنىڭ پادىشـاھى

ئەينى دەۋردە، ئىسكەندەرگە تەسلىم بولۇپ ئــۆز دۆلىتىنىــڭ بىرقىســـم يەرلىرىنـــى ئۇنىڭغــا بېرىشـــنى خالايــدىغانلىقىنى ئېيتقاندا، ئىسكەندەر كەسكىنلىك بىلەن: «مەن بۇ يەرگە سەن بەرگەننى ئالغىلى ئەمەس بەلكى مەن ئېلىپ ئېشىپ قالغىنىنى ساڭا قالدۇرغىلى كەلــدىم.» دېگەنىــنگە ئوخشــاش، ســەنمۇ دوستلىرىڭغا ئېيت:

ـ دوستلىقىمىزدىن ئېشىپ قالغان ۋاقتىنى ئۆز ئائىلىمىزگە ئەمەس، بەلكى ئاۋۋال ئائىلىمىزگە بېرىپ، ئېشــىپ قالغــان ۋاقىتلارنى دوستلىقىمىزغا بېرەيلى.

## ھەرىكەت سۆزلەيدۇ

بەس ـ مۇنازىرە قىززىپ كەتكەنلىكتىن كەچ كىرگىنىنى سەزمەي قالدۇق. سەزسەكمۇ چىراق يورۇتۇشنى ئۇنتۇپ قالدۇق. دوستۇم ھاپىز (ئېسىمدە قېلىشىچە ئۇنىڭ بۇرۇتى بۇرۇن سېرىق ئىدى) تۇكرۇكلىرىنى چاچراتقان ھالدا، قوللىرىنى شاۋقۇن ـ سۈرەنلەرگە دىرىژورلۇق قىلىۋاتقاندەك قالايمىقان پۇلاڭشىتىپ، گېپىنى تەكرارلاۋاتاتتى:

ـ ئادەم ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك.....

بۇ سۆزنى ھەر قېتىم تەكرارلىغاندا، ئۇنىڭ چىرايىدىن مەمنۇنلۇق ۋە مۇۋەپپەقىيەت تۇيغۇسى چىقىپ تۇراتتى. ئۇنىڭ بۇ سۆزىگە رەددىيە بېرىپ:

ـ ئەمەلىيەتتە «ئادەم ئەخلاقلىق بولۇشى كېرەك» دېگەن سۆزنىڭ ئۆزىدىنلا بىر خىل بىمەنىلىك ۋە ساختىلىق چىقىپ تۇرىدۇ. ئاپپاق ۋاراققا ئاق قەلەم بىلەن خەت يازسا، قەغەز چوقۇم مەلۇم دەرىجىدە مەينەت بولىدۇ. ئەسلىدىنلا ئەخلاقنىڭ سىمۋولى بولغان ئادەمنى ئەخلاقلىق قىلىمەن، دېيىشنىڭ ئۆزىلا ئەخلاقسىزلىققا يېتەكلەيدۇ. ئەخلاق قانداقتۇر «بولۇۋېلىش» ئارقىلىق شەكىللىنىدىغان دوگما ھەرىكەت بولماستىن، بەلكى ئىنسان ماھىيىتىنى چوڭقۇر بىلىشتىن شەكىللىنىدىغان تەبىئىي ھادىسىدۇر. دۇنيا بىلەن ئۆزىمىز، ئۆزىمىز بىلەن ئەتراپىمىزدىكى كىشىلەر ئوتتۇرىسىدىكى

ماھىيەتلىك مۇناسىۋەتنى، مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، بىز ئۇلار ئۈچۈن كىم؟ ئۇلار بىز ئۈچۈن كىم؟ دېگەنلەرنى بىلگەندە، ئادەم دەرھال «ئەخلاق» قا ئايلىنىدۇ. شۇڭلاشقا بىلىش بولمىغان ئەخلاق ساختا ئەخلاقتۇر،ـ دېدىم مەن.

مۇنازىرىمىز تاڭ ئاتقۇچە داۋاملاشقان بولسىمۇ، ھاپىز گېپىمگە ھېچ قايىل بولغاندەك ئەمەس ئىدى. ھاياتىمىزدا ياكى ئۇنداق ياكى بۇنداق سەۋەبلەر تۈپەيلى كىشىلەرنى قايىل قىلىشقا توغرا كېلىدۇ. بىراق ئۇلارنى قايىل قىلىش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سۆزلىرىمىز بولسا ئۇلارنىڭ ئۆزىنى ئاللىبۇرۇن قايىل قىلىپ بولغان ۋە ئىشەنگەن كۆز قاراشلىرى تەرىپىدىن تېپىپ چىقىرىلىدۇ. مۇنداقچە قىلىپ ئېيتقاندا، ئۇلارنىڭ كاللىسى بىزنىڭ سۆزلىرىمىزگە ئورۇن بەرمەيدۇ. ھەتتا ئۇلارنى قايىل قىلماقچى بولغىنىمىزغا غەزەپلىنىدۇ.

كۈندىلىك تۇرمۇشتا، ئوشۇقچە بەس-مۇنازىرە ۋە تالاش-تارتىشلاردىن ئۆزىنى تارتىنى ئاقىلانىلىك دەپ قارايمەن. بولۇپمۇ ئۆزىمىزنىڭ بىلەرمەنلىكىنى ۋە «چوڭ» ئىكەنلىكىمىزنى ئىسپاتلاش ئۈچۈن باشقىلارنى قايىل قىلىشقا ئۇرۇنۇش، ھەتتا نەسىيەت قىلىش ئەخمەقانىلىق دەپ ئويلايمەن. بەس-مۇنازىرىدە يېڭىش ئۈچۈن، ئەڭ مۇھىمى يېڭىلىپ قالماسلىق ئۈچۈن كىشىلەر ساختا پاكىتلارنى، يالغان سۆزلەرنى، ھەتتا تەھدىت ئىشلىتىشتىنمۇ يانمايدۇ. بەس-مۇنازىرىدە سەن يېڭىۋالغان تەقدىردىمۇ ئۇلار يەنىلا قايىل بولمايدۇ ۋە ئىچىدە غۇم ساقلايدۇ.

جۇگېلىياك «جەڭدە ئۇتتۇرۇپ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلىش» دېگەن سۆزنى كۆپ تەكرارلايتتى. بەس-مۇنازىرىدە كىشىلەرنى ئاغزاكى يېڭىش دەل جەڭدە ئۇتۇپ، ئۇرۇشتا ئۇتتۇرغانلىق بولىدۇ. چۈنكى سەن يەڭگەندىم دەپ ئويلىغان ۋاقىتتا، ساڭا غۇم ساقلايدىغان ۋە ئۆچ بولۇپ كېتىدىغان نۇرغۇن كۆرۈنمەس دۈشمەنلىرىڭنى پەيدا قىلىۋالىسەن. بەس-مۇنازىرىلەردىن ۋاز كېچىش ياكى قەستەن ئۇتتۇرۇپ بېرىش دەل جەڭدە ئۇتتۇرۇپ ئۇرۇشتا غەلىبە قىلغانلىق ھېسابلىنىدۇ. ئۇنداقتا بىز قايىل قىلىشقا ۋە ئۆزگەرتىشكە تېگىشلىك كىشىلەرنى قانداق قايىل قىلىمىز؟

مۇئەللىم كەلدى.....

بۇرۇنقى بۇرۇنىسىدا، بىر ۋەزىر بولۇپ پادىشاھقا 30 يىل خىزمەت قىلىپتۇ ۋە ئۆزىنىڭ سادىقلىقى ۋە سەممىيلىكى بىلەن پادىشاھنىڭ ئالاھىدە ئەزىزلىشى ۋە ھۆرمەتلىشىگە ئېرىشىپتۇ. بۇ باشقا ۋەزىرلەرنىڭ ھەسەت قىلىشىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىپتۇ. بۇ خىل ھەسەت تېزلا ئاۋۋال ئۆچمەنلىككە، ئاندىن سۇيقەستكە ئايلىنىپتۇ. باشقا بارلىق ۋەزىرلەر بىرلىشىپ پادىشاھقا ئۇ ۋەزىرنىڭ توختىماي يامان گېپىنى قىلىشقا باشلاپتۇ. توختاۋسىز قىلىنغان يالغان-ياۋىداق تۆھمەتلەردىن قايمۇقۇپ كەتكەن پادىشاھ ئۇ ئاقكۆڭۈل ۋەزىردىن زىيادە گۇمانلىنىش ۋە ئەنسىرەشكە باشلاپتۇ.

نەتىجىدە، 30 يىل ئۆزىگە ساداقەتمەنلىك بىلەن خىزمەت قىلغان ئاقكۆڭۈل ۋەزىرنى ئۆلۈم جازاسىغا بۇيرۇپتۇ. ئۇ ۋاقىتلاردا، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغانلار پادىشاھنىڭ ئۇۋ

ئىتلىرى تەرىپىدىن تالىنىپ ئۆلتۈرۈلىدىكەن. ۋەزىر ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىنغان كۈنى پادىشاھقا:

- ئالىيلىرى، ماڭا ئەڭ ئاخىرقى قېتىم 10 كۈن مۆھلەت بەرسىڭىز، بۇ 10 كۈن ئىچىدە قەرزلىرىمنى تۆلىۋالسام، باشقىلارنىڭ ساقلاش ئۈچۈن ماڭا بەرگەن ئامانەتلىرىنى قايتۇرۇۋالسام، ئايالىم ۋە بالىلىرىمنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇپ، ئۇلار بىلەن خوشلىشىۋالسام،- دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

پادىشاھ ئۇنىڭ تەلىپىگە قوشۇلۇپتۇ. ۋاقىتلىق قويۇپ بېرىلگەن ۋەزىر دەرھال سۇلتاننىڭ ئوۋ ئىتلىرىغا قارايدىغان ئادەمگە 100 ئالتۇن تىللا بېرىپ، ئىتلارنى ئۆزىنىڭ 10 كۈن بېقىشىغا رۇخسەت قىلىشنى سوراپتۇ. ئىتباقار قوشۇلۇپتۇ. بۇ جەرياندا ۋەزىر ئىتلارنى ئىنتايىن ياخشى بېقىپ، ھالىدىن ياخشى خەۋەر ئاپتۇ. ھەتتا ئاخىرقى كۈنلەردە ئىتلار ئۇنىڭ قولىدىن يېمەكلىك يەيدىغان ھالەتكە كەپتۇ.

جازا ئىجرا قىلىنىش ۋاقتى يېتىپ كېلىپ، ۋەزىر كەڭرى مەيدانغا تاشلىنىپتۇ ۋە ئىتلار قويۇپ بېرىلىپتۇ. بىراق، ئويلىمىغان يەردىن بۇ ياۋايى ئوۋ ئىتلىرى ۋەزىرنى كۆرگەن ھامان، چىشلەشنىڭ ئورنىغا ئۇنىڭ يارىلىرىنى يالاشقا ۋە ئەركىلەشكە باشلاپتۇ. بۇ ئىشتىن ھەيرانۇ-ھەس قالغان پادىشاھ ۋەزىردىن ئىتلارنىڭ ئۇنى نېمىشقا يېمەيدىغانلىقىنى سورىغاندا، ۋەزىر ئاددىي قىلىپ:

- مەن ئۇلارنىڭ ھالىدىن 10 كۈن خەۋەر ئالغانىدىم،- دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

ئەقىللىق پادىشاھ ئۇنىڭ بۇ سۆزىدىن:

ـ ئالىيلىرى، سىزنىڭ ھالىڭىزدىن 30 يىل خەۋەر ئالدىم. بىراق ئاقىۋەتتە باشقىلار تەرىپىدىن تۆھمەتكە ئۇچراپ، ئۆلۈمگە ھۆكۈم قىلىندىم. بۇ ئىتلارنىڭ ھالىدىن 10 كۈن خەۋەر ئېلىۋىدىم، ئۇلار ماڭا جاۋاب قايتۇردى. سىز ئۆزىڭىز باققان مۇشۇ ئۇۋ ئىتلىرىچىلىكمۇ بولالمىدىڭىز، ـ دېگەن مەنالارنى ھېس قىلىپتۇ ۋە ۋەزىرنى بۇرۇنقىدىنمۇ ئەتىۋارلاپ ئىشلىتىشكە باشلاپتۇ.

ئاڭلا ئەلى، ھەقىقەت ئاڭلانمايدۇ، كۆرۈنىدۇ. كىشىلەرنى قايىل قىلىش ئۈچۈن سۆزلەش كۇپايە قىلمايدۇ. بەس ـ مۇنازىرە سېنى لىڭگىرتاقتاقا ئوخشاش بىردەم ئۈستىگە، بىردەم ئاستىغا يۆتكەپ ئوينايدۇ. بىراق، ھېچقانداق يەرگە ئاپىرالمايدۇ. ھەرىكەت ۋە نەتىجە ئۇنىڭغا ئوخشىمايدۇ. كۆرگەنلا ئادەمگە ھەممە جايدا «مېنىڭ قىممىتىم بار» دەپ جار سېلىپ يۈرگەنسىرى، قىممەتسىز كۆرۈنىسەن. بىراق ھېچكىم ھەرىكىتىڭ بىلەن مۇنازىرىلىشەلمەيدۇ، نەتىجەڭ ئۆزى سۆزلەيدۇ. ھەتتا ئاشىقىڭغىمۇ ئۇنى نەقەدەر سۆيىدىغانلىقىڭنى سۆزلەپ يۈرمە. ھەرىكەتلىرىڭدىن ئۆزى ئاڭلىۋالسۇن.

خۇددى ماكىلانجېلو[①] كىشىلەر تاشلىۋېتىمىز، دەپ جار سالغان «كېرەكسىز» تاشتىن دۇنيا ھازىرغا قەدەر تاشلاشنى رەت قىلغان «داۋۇت» نى ئويۇپ چىققاندەك؛ خۇددى يېڭى

① ماكىلانجېلو ـ ئىتالىيىلىك داڭلىق ھەيكەلتىراچ.

تەختكە ئولتۇرغان سۇلتان ئاماسپس مىسرلىقلار دائىم پۇت يۇيۇش ئۇچۇن ئىشلىتىدىغان مىس داستىن، كېيىنچە ئۇلار تاۋاپ قىلىدىغان مىس ھەيكەلنى ياسىغاندەك؛ پەرىشتە بىر قوشۇق تاماقنىمۇ ئاغزىغا ئالغۇدەك مادارى قالمىغان ياشانغان بوۋاينىڭ سىياقىغا كىرىۋېلىپ، ئىبراھىمنى ئۆلۈمگە قايىل قىلغانغا ئوخشاش، پەقەت ۋە پەقەت ھەرىكەت ۋە نەتىجە بىلەن سۆزلە. كىشىلەرنى سۆزلىرىڭ ئارقىلىق ئەمەس ھەرىكىتىڭ ئارقىلىق ياخشىلىققا، تەرەققىياتقا باشلا.

مۇھەممەد ئايالىغا:

- كۆچەت تىكىش ئەسلىدىنلا ياخشى بىر ئىشقۇ، نېمىشقا كىشىلەر مېنىڭ «كۆچەت تىكەيلى» دېگەن سۆزۈمنى ئاڭلىمايدۇ؟ - دەپ قاقشاپ كەتتى.

- باشقىلار بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، ئاۋۋال ئۆزۈڭ تاغقا چىقىپ كۆچەت تىكىشكە باشلا، ئۇلار ئەگىشىدۇ، - دېدى ئايالى.

ئۇزۇن ئۆتمەي، قاقاس تاغدا تۈركۈم - تۈركۈملەپ كۆچەت تىكىۋاتقان كىشىلەر پەيدا بولدى.

## يىقىلىشنى ئۆگەن، يىقىلىشتىن ئۆگەن

سودا سارايى ياكى ماگىزىنلاردا سېتىلىدىغان ئەتىرلەرنىڭ 95% قىسمى ئوخشاش بولىدۇ. يەنى سۇدىن تۈزۈلىدۇ. پەقەت 5% قىسمىلا ئوخشاش بولمايدۇ. بىراق، ئاشۇ كىچىككىنە پەرىق تۈپەيلى بەزى ئەتىرلەر ئىنتايىن قىممەت، بەزى ئەتىرلەر ئىنتايىن ئەرزان سېتىلىدۇ. ئادەملەرمۇ ئوخشاش. ھالبۇكى، ئاشۇ 5%پەرىقنى ياساش ئۈچۈن سانسىزلىغان قېتىم يىقىلىپ-قوپۇشقا توغرا كېلىدۇ.

بىر قېتىملىق ئىنگلىزتىلى دەرسىدە، ئوقۇغۇچىلارغا ئىنگلىزتىلىدىكى «چۈش» دېگەن سۆزنىڭ «ئارزۇ قىلىش» دېگەن مەنىسىمۇ بار ئىكەنلىكىنى ئېيتىپ ئۆتتۈم. ئادەتتە بەك كۆپ سۆزلەيدىغان بىراق سوئال سورىغاندا جىمىپ كېتىدىغان بىر ئوغۇل ئوقۇغۇچى كۆرگەن چۈشلىرىنى دائىم ئۇنتۇپ قالىدىغانلىقىنى ئېيتتى. شۇنىڭ بىلەن چۈش توغرىسىدا بەس-بەستە پاراڭلار باشلاندى.

-چۈشكە ئىشەنسەك بولامدۇ؟-دەپ سورىدى بىر قىز.

-تىتانىك چۆكۈپ كېتىشتىن بىر كۈن بۇرۇن، مەلۇم بىر كىشى ئۇ ئىشنى چۈشىدە كۆرگەنىكەن ۋە ئەتىسى بېلەتنى قايتۇرۇپ پاراخوتقا چىقىشنى رەت قىلغانىكەن،-دەپ جاۋاب بەردى ئۇ قىزنىڭ ئوڭ تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر ئوغۇل بالا.

ــ چۈش بولسا ئادەمنىڭ يوشۇرۇن ئېڭىدىكى قورقۇش ۋە ئارزۇ ئىستەكلەرنىڭ غەيرىي سىمۋوللۇق ئىپادىلىنىشى، ــ دەپ ئىنكاس قايتۇردى ئۇ قىزنىڭ سول تەرىپىدە ئولتۇرغان بىر بالا.

كۆزۈمگە ئىككى دېھقانىنىڭ بىر ھاياتلىق ئېتىزىنى تالىشىۋاتقان كۆرۈنىشى كەلدى. ئوغۇللار ئادەتتە قىزلار بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى دېيىش ئارقىلىق ئۇلارنى جەلپ قىلماقچى بولىدۇ. ئەمەلىيەتتە، قىزلار ئوغۇللارنىڭ ئۆزلىرى توغۇرلۇق كۆپرەك سوئال سورىشىنى ياقتۇرىدۇ. (بۇنى ئوغۇللار بىلمىسە كېرەك.)

ــ مەن چۈشۈمدە دائىم قىزىل رەڭلىك يولۋاس چۈشەيمەن، ــ دېدى سىنىپ بويىچە ئەڭ پاكار ھېسابلىنىدىغان كامىل ئىسىملىك بىر بالا.

مەن دائىم ئۇنىڭغا: «كامىل دېگەن سۆزنىڭ ئىنگلىزتىلىدا تۆگە دېگەن مەنىسى بار، شۇڭا ئۆزەڭنى دائىم ئېگىز ئويلا» دەپ چاقچاق قىلىپ قوياتتىم.

ــ مەن بەك كۆپ چۈش كۆرۈپ كەتمەيمەن ياكى سىز دېگەندەك كۆرسەممۇ ئۇنتۇپ قالىدىغاندىمەن. بىراق، مېنىڭ كەلگۈسىدە خىمىيە نوبىل مۇكاپاتىغا ئېرىشىش ئارزۇيۇم بار. بۇ ئارزۇ ماڭا چۈشتەك تۇيۇلىدۇ. مۇئەللىم، سىزنىڭچە مەن مۇشۇ ئارزۇيۇم ئۈچۈن تىرىشىشىم كېرەكمۇ؟ ياكى بۇنى بىر چۈش دەپ قاراپ ۋاز كېچىشىم كېرەكمۇ؟ ــ دەپ تۇيۇقسىز سوئال سورىدى، ئادەتتە ئانچە كۆپ گەپ قىلمايدىغان سەمى ئىسىملىك بىر ئوقۇغۇچى.

مەن بىلەنمۇ، دۇنيا بىلەنمۇ، بەزىدە ھەتتا ۋاقىت بىلەنمۇ كارى يوق ھالدا توختىماي ماڭىدىغان تام سائىتىگە قارىدىم. دەرستىن چۈشۈشكە 75 سېكۇنت قالغانىدى. مەن بىر كىچىك داستاننىڭ 371 ـ كىچىسىنىڭ ئىنگلىزچە نۇسخىسىنى ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىپ كېلىشنى تاپشۇرۇق بەردىم. دەرستىن چۈشۈش قوڭغۇرىقى چېلىندى. (ماكان ـ زامان يەنە بىر قېتىم ئالماشتى.)

ئەتىسى دەرسكە بەش مىنۇت كېچىكىپ كىردىم. باللار ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ كەلگەنىدى. دوسكىنىڭ ھۆل لاتا بىلەن سۈرتۈلگەنلىكى بىلىنىپ تۇراتتى. سەمىنىڭ كۆزى كىچىچە بۇ ھېكايىنى تەرجىمە قىلغانلىقتىن ھارغىن كۆرۈنەتتى. بىراق بۇ خىل ھارغىنلىق ۋە ئۇيقۇسىزلىقتىن يەنە بىر خىل تەخىرسىزلىك ئارىلاشقان نۇر ۋاسلىماس گۇتران قەلئەسىگە ماڭغاندا ئىشلەتكەن پانۇسقا ئوخشاش چاقناپ تۇراتتى.

«ئوقۇ!» دېدىم مەن ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ، ئۇ خاتىرىسىنى ئېلىپ ئۈنلۈك ئوقۇشقا باشلىدى:

ئىككى كىشىنىڭ ئوخشاش چۈشى

بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا، قاھىرەدە ياشايدىغان بىر كىشى بولۇپ، دادىسىدىن ئىنتايىن كۆپ بايلىق مىراس قالغان ئىكەن. ئۇنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆڭۈلچەك ۋە ئاقكۆڭۈللىكى تۈپەيلى، بايلىقلىرى بارا ـ بارا تۈگەپ، دادىسىدىن قالغان بىرلا ئۆي قاپتۇ. ئۇنى نامراتلىق ۋە يوقسۇزلۇق بېسىپ، تۇرمۇشنى ئىنتايىن جاپادا ئۆتكۈزۈشكە باشلاپتۇ.

بىر كۈنى كەچ، سىرتتىن ھېرىپ چارچىغان ھالدا ئۆيگە كىرگەن بۇ كىشى ھويلىسىدىكى بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاستىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. چۈشىدە ئۇستى ـ بېشىنى تەر باسقان بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، ئاغزىدىن بىر تال ئالتۇن تەڭگىنى ئاپتۇ ۋە بۇ تەڭگىنى ئۇنىڭغا تەڭلەپ:

ـ سېنىڭ بايلىقىڭ ئىرانىنىڭ ئىسفاخان دېگەن جايىغا يوشۇرۇلغان، ئاشۇ بايلىقىڭنى ئېلىپ كەل، ـ دېگىنىچە غايىپ بوپتۇ.

شۇنداق قىلىپ كۆرگەن چۈشىگە شەك ـ شۈبھىسىز ئىشەنگەن بۇ كىشى ئىرانغا قاراپ يول ئاپتۇ. سەپەر جەريانىدا، بىپايان قۇملۇقلار، بوران ـ چاپقۇنلۇق دېڭىزلاردىن ئۆتۈپ، نۇرغۇنلىغان جۇدۇنلۇق كېچىلەرنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپتۇ. قاراقچىلارنىڭ ۋە يىرتقۇچ ھايۋانلارنىڭ خەتەرلىرىدىنمۇ ئامان قالغان بۇ كىشى ئاخىرى ئىسفاخانغا يېتىپ كەپتۇ. يېتىپ بارغان ۋاقىت يېرىم كېچە بولغانلىقى ئۈچۈن، شۇ جايدىكى بىر ئىبادەتخانىدا ئۇخلاپ قاپتۇ. ئويلىمىغان يەردىن ئۇ ئىبادەتخانىنىڭ يېنىدىكى ئۆيگە كىرگەن بۇلاڭچىلارنى تۇتۇش ئۈچۈن كەلگەن ئوردا لەشكەرلىرى ئۇ كىشىنىمۇ بۇلاڭچى دەپ ئويلاپ، قاتتىق دۇمبالىغانچە زىندانغا تاشلاپتۇ. زىنداندا ئۈچ كېچە ـ كۈندۈزنى ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئوردا ياساۋۇلى ئۇنى سوراق قىلىشقا باشلاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ يەرلىك ئەمەس ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ياساۋۇل ئۇنىڭدىن:

ـ قايسى دۆلەتتىن كەلدىڭ؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

- قاھىرەدىن.

- قانداق سەۋەب بىلەن بۇ جايغا كېلىپ قالدىڭ؟

- چۈشۈمدە بىر كىشى پەيدا بولۇپ، سېنىڭ بايلىقىڭ ئىراندىكى ئىسفاقاندا، ئۇنى ئېلىپ كەل، دېگەنىدى، شۇڭا بۇ يەرگە كەلدىم. بىراق، ئۆيلىمىغان يەردىن، بايلىقنى ئېرىشىشنىڭ ئورنىغا كالتەك يېدىم.

بۇ گەپلەرنى ئاڭلىغان ئوردا ياساۋۇلى قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتىپتۇ ۋە ئۇنىڭغا:

- سەن نېمىدېگەن ئەخمەق كىشى، سەن كۆرگەن چۈشنى مەنمۇ ئارقا- ئارقىدىن ئۈچ قېتىم كۆرگەن. چۈشۈمدە ئۇستى- بېشىنى تەر بېسىپ كەتكەن بىر ئادەم پەيدا بولۇپ، ماڭا: «قاھىرەنىڭ مەلۇم بىر يېرىدە كۆلرەڭ كەلگەن بىر ئۆي بار، بۇ ئۆينىڭ ھويلىسىنىڭ ئوتتۇرىدا بىر تۈپ ئەنجۈر دەرىخى بار، ئاشۇ ئەنجۈر دەرىخىنىڭ ئاستىدا سېنىڭ بايلىقىڭ بار، بايلىقىڭنى ئېلىپ كەل» دېگىنىچە غايىپ بولغانىدى. مەن بارمىدىم، بىراق سەن ئەخمەق چۈشۈڭدە كۆرگەن ۋە ئاڭلىغان نەرسىلەرگە ئىشىنىپ، شەھەرمۇ- شەھەر يۈرۈپ بايلىق ئىزدەپ يۈرۈپسەن. بولدى، ئۇ چۈشلىرىڭنى ئۇنتۇپ كەت، بۇ پۇللار بىلەن ئاستا يۇرتۇڭغا قايتىۋال، - دەپتۇ ۋە بىرقانچە تەڭگە بېرىپتۇ.

ئوردا ياساۋۇلىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلىغان ئۇ كىشى ئىنتايىن ھاياجانلانغان ھالدا قاھىرەگە قايتىپتۇ. ياساۋۇل چۈشىدە كۆرۈپ تەسۋىرلىگەن ئۇ ئۆي بولسا دەل قاھىرەلىك

ئاشۇ كىشىنىڭ ئۆيى ئىدى. ئۇ ئۆيگە بىررىپلا، ئەنجۈر دەرىخىنىڭ تېگىنى كولاپ، غايەت زور بايلىققا ئېرىشىپتۇ.
سەمى ھېكايىنىڭ ئاياغلاشقانلىقىنى بىلدۈرۈپ كۆزۈمگە قارىدى. مەن ئۇنىڭغا:
- ئارزۇلىرىڭنى چۈشكە ئايلاندۇرۇپ قويۇش ئاسان بولغان بىلەن، چۈشلىرىڭنى رېئاللىققا ئايلاندۇرۇش ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس. بۇ سەندىن تەسەۋۋۇرىڭدىن ھالقىغان قىيىنچىلىقلارنى ۋە باشقىلارنىڭ مەسخىرە قىلىشلىرىغا بەرداشلىق بېرىشنى تەلەپ قىلىدۇ. ۋانگوخ دەرەخنى يۇلتۇزدىن ئېگىز سىزغاندا، ھەممە كىشى مەسخىرە قىلىپ كۈلگەنىدى - دېدىم - دە، قولۇمغا بىر تال بور پارچىسىنى ئېلىپ ھۆل لاتا بىلەن سۈرتۈلگەن دوسكىغا:
- «يىقىلىشنى ئۆگەن، يىقىلىشتىن ئۆگەن» دەپ يېزىپ قويدۇم.
مۇئەللىم كەلدى.....
يىقىلىش دېگىنىمىز، ئارزۇسىغا ۋاقىتلىق يېتەلمەسلىك، مەغلۇبىيەت ئارزۇ قىلىشقا جۈرئەت قىلالماسلىق. يىقىلىش، ئورنىڭدىن تۇرۇشقا باشلىغان ھامان ئاخىرلىشىدۇ. مەغلۇبىيەت - ھاياتلىق تاللاشتۇر. يىقىلىش باتۇرلارنىڭ ئىشى. پەقەت يىقىلىپ باققانلارلا ئۇتتۇرۇشتىكى شەرەپنى ۋە ئۇتتۇشتىكى خوشاللىقنى ھېس قىلالايدۇ. شۇنداقلا مۇھەببەتنىڭ نېمىلىكىنى ھېس قىلىدۇ.
ئەلۋەتتە، مەڭگۈ يىقىلىپ باقمىغانلارمۇ بار. چۈنكى ئۇلار ئەزەلدىن تىك تۇرۇپمۇ باقمىغان. ئۇلار تارتۇقتىن قورقىدۇ.

ئۇلار ھاقارەتتىن قورقىدۇ. ئۇلار ئەزەلدىن كۆزدىن ئىختىيارسىز تۆكۈلگەن ياشنىڭ تۈزىنىڭ نەمدە بولىدىغانلىقىنى بىلمەيدۇ. ئۇلار كۆرەڭلىگەن ھالدا، مەن ئەزەلدىن ئۇتتۇرۇپ باقمىدىم، دېيەلەيدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئۇلار يەنە مەن ئۇتتۇپ باقتىممۇ؟ دېيەلمەيدۇ. ئەزەلدىن يىقىلىپ باقمىغانلار «خەير - خوش» ۋە «مەن قايتىپ كەلدىم» دېگەن گەپلەرنى بىلمەيدۇ. ئەزەلدىن يىقىلىپ باقمىغان يولۇۋاس ئۆزىنىڭ بالىسىغا «بالام، ئورمانلىققا كىرمە، ئۇيەر قورقۇنچلۇق» دەپ چۈشەندۈرىدۇ. يىقىلىش مەغلۇبىيەت ئەمەس، تارتۇق بولسا باتۇرلارنىڭ تېنىگە بېرىلگەن مېدال خالاس.

سىنىڭ يىقىلىشلىرىڭ ھامان بىر كۈنى نەۋرىلىرىڭگە پەخىرلىك ھالدا ئېيتىپ بېرىدىغان ھېكايىگە ئايلىنىدۇ. مەن دەل ھېكايىسى بار، مەزمۇنى بار كىشىلەرنى ياخشى كۆرىمەن. ئەمما سىنىڭ ۋاز كەچكەندىن كېيىنكى ۋايساشلىرىڭ، باھانىلىرىڭنى ئاڭلاشقا سىياندال قۇرۇتمىسۇ ۋاقىت ئاجراتمايدۇ. سەن سىنى يىقىتقان تاغ چوققىسىغا قاراپ: «ئەي تاغ، بۇ قېتىم مېنى يىقىتالىغىنىڭ بىلەن، مەن يەنە كېلىمەن، ساقلاپ تۇر» دېيىشنى ئۆگەن. سۆيگۈنۈڭ سىنىڭ تاغقا ياماشمىغان پاكىز ھالىتىڭنى ئەمەس، ھەر قېتىم تاغدىن يىقىلغاندىن كېيىنكى جۇل-جۇل ھالىتىڭنى، ھەر قېتىم يىقىلغاندىن كېيىنكى تاغ ئاتا قىلغان يۈزلىرىڭدىكى تارتۇقلىرىڭنى سۆيىدۇ. خۇددى دوستوۋىسكى① ئېيتقاندەك

① فيودور دوستوۋىسكى - 19 - ئەسىردە ياشاپ ئۆتكەن روسىيە ئاتاقلىق يازغۇچىسى.

«ئوت بولۇپ يانمىغان ئادەمدىن مەڭگۈ پۇرقىراپ ئىس چىقىدۇ.»

بالىسىنى قۇچىغىدىن مەڭگۈ چۈشۈرمەيدىغان ئانا ياخشى ئانا ئەمەس، ئۇ ئاكىلىسنىڭ[1] ئانىسى ئەمەس. بالىسى ئۈچۈن ھاسا تەييارلىغان دادا مەغلۇبىيەتچى دادا، مەن ئۆز گۆشى بىلەن بالىلىرىنى باقىدىغان پېلىكان قۇشىغا ئەمەس، تۇمشۇقى بىلەن بالىلىرىنى تىك قىيالاردىن ئىتتىرىۋېتىدىغان بۈركۈت ئانىلارنى ياخشى كۆرىمەن. چۈنكى ئۇلار بۇنىڭ باللىرىغا قانات چىقىرىشنى ئۆگىتىدىغان بىردىنبىر ئۇسۇل ئىكەنلىكىنى بىلىدۇ. يىقىلىش قورقۇنچلۇق ئىش ئەمەس، يىقىلىشتىن قورقۇش ھەقىقىي قورقۇنچلۇق. قايتىلاش نومۇس ئەمەس، قايتىلىيالماسلىق نومۇس. پەقەت يىتىۋالغان ئادەمدىلا يىقىلىش بولمايدۇ. ھاياتنىڭ ھوزۇرى يىتىۋېلىشتا ئەمەس بەلكى يىقىلىپ قوپۇشتا.

يىقىلىشنى ئۆگەن، يىقىلىشتىن ئۆگەن.

---

① ئاكىلىس ــ تروييا ئۇرۇشىدىكى باش قەھرىمان ۋە ھومېر داستانىدىكى باش پېرسوناژ.

# ئاپام ئۇچۇن قىلالىغىنىم

كارلى «زامــان قەھرىمانغــا مۇھتــاج» دەپ يازغــان. گــروزىيە تــارىخى ســانمارتىننى چوقۇنۇشــقا ئەرزىيــدىغان قەھرىمان دەپ قارايدۇ، بىراق مېنىڭ نەزىرىمدە ســانمارتىن چىلىدىكى ئۇرۇشتا باشقا ئەسكەرلەرگە قارىغاندا كۆپرەك ئادەم ئۆلتۈرگەن ئەسكەر خالاس. ئادەم يارىلانــدۇرۇش ھەرگىزمــۇ قەھرىمان بولۇشــنىڭ ئالــدىنقى شــەرتى ئەمەس. يــالتىراق قوڭغۇزدەك نۇر چېچىشتىن باشقىنى بىلمەيــدىغان، شــۇنداقلا مېۋىلىك دەرەختەك پۈتۈن ھاياتىنى باشقىلارغا مېۋە تەقــدىم قىلىش ئۇچۇن سەرپ قىلىدىغان ئاشۇ ئاددىي كىشىلەر مېنىــڭ قەلبىم ۋە قەلىمىمدە ھەقىقىي قەھرىمان ھېسابلىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر ئىنساننىڭ قەلبىدە بىر قەھرىمان بولىــدۇ. مېنىڭ شەخسىي تارىخىم ۋە تەقدىرىم ماڭىمۇ بىر قەھرىمــاننى ئاتا قىلدى، مېنىڭ قەھرىمانىم بولسا بىر ئايال، بىــراق ئــۇ نۇزۇگۇم ئەمەس، بەلكى مېنىڭ ئاپام تاجىگۇل.

بالىلىق دەۋرلىرىم ئۆتكەن مەھەللە يامان ئەمەس مەھەللە ئىــدى، ھــېچ بولمىغانــدا ئويــۇنلار قىززىيتتــى. بىــزدەك شەھەرلىكلەر ئۇچۇن ئورمان ھېسابلىنىدىغان يىگىرمە نەچــچە تــال ئــاق تېــرەك بىزنىــڭ بىــر- بىرىمىزنــى قوغلىشــىپ ئوينايدىغان ياخشى جاي ئىدى.

بىر يىلدا ئاز دېگەندە ئۈچ قېتىم تەكرار قويىدىغان «سۇ بويىدا» فىلىمىنىڭ تەسىرىدىنمۇ مەھەللىدىكى بالىلار ئۇ فىلىمدىكى پېرسوناژلارنىڭ رولىنى ئېلىپ ئۆزئارا ئۇرۇشۇپ ئوينايتتۇق. دائىم ئاپشاركا ئىتنى يېتىلىۋېلىپ، كىچىكلەرنى بوزەك قىلىپ ئوينايدىغان ۋايىت ئىسىملىك بىرەيلەن بار ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىخىنى چوڭ ۋە بويى ئېگىز بولۇپ، ئۆزىنى «ۋۇسۇڭ» دەپ ئاتىۋالاتتى. مېنى بولسا «شىمىنچىڭ» دەپ بوزەك قىلاتتى.

بىر قېتىم، خۇددى فىلىمدىكى ۋۇسۇڭ شىمىنچىڭنى دۇمبالىغاندەك، ۋايىت مېنى يەرگە يىقىتىپ يۈزۈمگە دەسسەپ تۇردى. دەل مۇشۇ پەيتتە، يىراقتىن ئاپامنىڭ نۇر تېزلىكىدە بىز تەرەپكە ئېتىلىپ كەلگەنلىكىنى كۆردۈم. ئالدىغا تاقىۋالغان پەرتۇقىنىڭ ئۈستىدىكى ئۇن يۇقىلىرىدىن ئۆيدە خېمىر يۇغۇرۇپ چىققانلىقى چىقىپ تۇراتتى. ئۇ يېنىمىزغا كەلدى، كۆزى ئېلىكسىر ئوغۇرلاپ، مەشتە نەچچە كېچە-كۈندۈز كۆيدۈرۈلۈپمۇ ئۆلمەي چىققان سۇن ۋۇكۇڭنىڭ كۆزىگە ئوخشاش چاقناپ تۇراتتى.

- ئوغلۇمدىن يىراق تۇر، - دېدى ئاپام ۋايىتنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ تۇرۇپ.

ۋايىت ۋە ئۇنىڭ ئاپشاركا ئىتى ئارقىغا داجىدى. ئارقىدىنلا ئاپام مېنى ئورنۇمدىن تۇرغۇزۇپ، ئۆزىنىڭ سامساقىنىڭ پۇرىقى چىقىپ تۇرىدىغان پەرتۇقى بىلەن يۈزۈمدىكى ئاياغ ئىزىنى سۈرتكەچ:

- بالام، ئوغۇل بالا قەيەردە يىقىلسا شۇ يەردە ئورنىدىن تۇرۇشنى بىلىشى كېرەك. ئويۇنڭنى ئويناۋەر تاماق پىشقاندا توۋلايمەن، - دېدى - دە، ئۆي تەرەپكە يول ئالدى.

بۇ ئاپامنىڭ مەن ئۈچۈن قىلالىغىنى.....

ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى ئېلان قىلىندى. خۇشاللىقىمدا نەتىجە قەغىزىنى ئېلىپ ئۇچقاندەك ئۆيگە كىردىم، دەرۋەقە، ئۆيدە ئاپام يالغۇز ئىدى. نەتىجە قەغىزىنى ئۇنىڭغا كۆرسەتتىم ۋە ئۇنىڭ مەندىنمۇ خۇشال بولغان ھالىتىنى كۆرۈشنى ساقلىدىم. بىراق، ئادەتتە تاپشۇرۇقلاردىنمۇ توقساندىن يۇقىرى ئالسام خۇشال بولۇپ كېتىدىغان ئاپام ئۇ كۈنى مېنى ئەلىيۇلئەلا قىلغان ئالىي مەكتەپ نەتىجەمنى كۆرۈپمۇ ئانچە خۇشال كۆرۈنمىدى. تېخىمۇ ھەيران قالغىنىم شۇ بولدىكى، بىر ئۆمۈر ئۇقۇتقۇچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان ئاپام مەن ئەكىرگەن نەتىجە قەغىزىنى كۆرۈپ:

- بۇ نېمە؟! - دەپ سورىدى.

قىزىق ئىش، كىچىكلەر بىلمەيدىغان نەرسىلەرنى «بۇ نېمە؟» دەپ سورىسا، چوڭلار ئەكسىچە، بىلىدىغان نەرسىلەرنى «بۇ نېمە؟!» دەپ سورايدۇ.

- بۇ ئالىي مەكتەپ ئىمتىھان نەتىجىسى، بىرىنچىلىككە ئېرىشىپتىمەن، - دېدىم مەن ھاياجان ئىلكىدە.

ئاپام زورلاپ كۈلۈپ قويدى. ئەلۋەتتە، ئۇيقۇسى كەلگەن ئادەم ئۈچۈن ھەرقانچە مۇڭلۇق مۇزىكىمۇ يېقىمسىز شاۋقۇن

بولۇپ ئاگلانغانىدەك، ئازاب ئىچىدە قالغان يۈرەكنىڭ خۇش خەۋەر ئاڭلىغۇدەك ھالى بولامدۇ؟!

ــ دادام نەگە كەتتى؟ ــ دەپ سورىدىم ئارقىدىنلا.

ئاپام ئاران كونترول قىلىپ تۇرغان ياشلىرىنى قويۇۋېتىپ، كۆزنگە بۇرۇنقىدىن سەل سەمرىپ قالغاندەك كۆرۈنگەن «ئوغلى» غا قاراپ، قولىدىكى توقاچ نانىنى ئۇشتۇپ ئىككىگە بۆلۈۋەتتى.

ئۇلار ئاجراشقانىدى. سىڭلىم ئاپامغا، مەن دادامغا بۇيرۇلغانىدىم. 18 يىل ئاپامنىڭ بالىسى بولۇپ كەلگەن مەن شۇ كۈندىن باشلاپ دادامنىڭ بالىسى بولدۇم. ئۇنىڭ كۆزىدىن تاراملاپ ياش ئېقىۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، مەن ئاپامغا قاراپ:

ــ سىنى سۆيىدىغان ئەر دۇنيادا بىرلا ئەمەس، مەنمۇ سىنى سۆيىمەن، ــ دېيەلمىدىم.

بۇ مېنىڭ ئاپام ئۈچۈن قىلالمىغىنىم.....

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاناڭ، ئۆسمۈرلۈك چېغىدىلا سىنى ئارزۇ قىلغان، ياغاچ قونچاق ئارقىلىق سىنى ئاللىبۇرۇن كۆرۈپ بولغانىدى. ھەر قېتىم ئاكسى تىللىغاندا، باغنىڭ ئارقىسىدا يىغلاپ دەردىنى ساڭا ئېيتاتتى. سەن ئۈن-تۈنسىز ئاڭلايتتىڭ. بىراق ھازىر ئۇنداق بولماي قالدى. سەن ئاناڭنىڭ قورسىقىدىكى چاغدىلا، سىنى سۆيەتتى. سەن تۇغۇلۇپلا، ئۇ سەن ئۈچۈن ئۆلۈشكە تەييارلىق قىلىپ بولغانىدى. سەن ياتقان بۆشۈكنى

ياساش ئۈچۈن ئىشلەتكەن سەككىز تال مىخنى ئۇ بىر ـ بىرلەپ ساناپ چىققانىدى.

ئانام نېمىدېگەن كۆچلۈك، دەپ قالما. ئۇ سەندىنمۇ ئاجىز، بىراق بارلىق كۈچىنى چىقىرىدۇ. ئانام نېمىدېگەن باي، دەپ قالما. ئۇ سەندىنمۇ نامرات. بىراق بارلىق پۇلىنى چىقىرىدۇ. سىرتتىن شۇنچە ھېرىپ ـ چارچاپ كەلسىمۇ، سېنى كۆتۈرۈشتىن بىرەر قېتىم يالتىيىپ باقمىدى. چۈنكى سېنى ئېگىز كۆتۈرگەندە، ئۆزىمۇ كۆتۈرۈلگەندەك ھېس قىلاتتى. ئەلۋەتتە، ئانا بولۇپ باقمىغۇچە چارچاشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى، شۇنداقلا پەخىرلىنىشنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەيسەن.

ئاناڭ ئۈچۈن سەن مەڭگۈ كىچىك بالا. ئۆيۈڭنىڭ تام قەغەزلىرىدىكى بارماق ئىزلىرىڭنىڭ بارغانسىرى يوغىناپ، ئاندىن غايىپ بولغىنىغا، ئۇنى سۆيگىنىڭدە، يۈزىگە سانجىلغان ساقاللىرىڭغا قاراپ ئاندىن «بالام ئەسلى چوڭ بوپتۇ» دەپ ئويلايدۇ. بىراق خۇشال بولمايدۇ، ئۇنىڭچە بولسا سېنى مەڭگۈ يانچۇقىغا سېلىۋالغۇسى بار.

ئاناڭنىڭ تۇنجى تېمىم سۇتىنى ئالغاندىن تارتىپ، تا ھازىرغىچە ئۇنىڭدىن ئېلىپ ھايات كەچۈرۈپ كەلدىڭ. ئاناڭ بولسا ساڭا بېرىش ئارقىلىق ھايات كەچۈرۈپ كەلدى. ئۇلار «بېرەلمەسلىك»تىن ئەنسىرەيدۇ، تولىمۇ ئەنسىرەيدۇ.

دىققەت قىلدىڭمۇ؟ ئاناڭ سېنى دائىم ئالدايدۇ، كەپتەر تۇتىمەن دەپ ئۆگزىدىن يىقىلىپ قولۇڭنى كېسىۋالدىڭ، ئانام تىللاپ كېتىدىغان بولدى، دەپ ئويلىدىڭ، بىراق ئۇنداق

قىلمىدى. يامغۇردا دوستلىرىڭ بىلەن ئويناپ، يىـرىم كـېچە بولغىنىنى سەزمەي قالدىڭ. ئەمدى ئانام ئۆيگە كىرگۈزمەيدۇ، دەپ ئويلىغانــدىڭ، بىـــراق ئۇنـــداق قىلمـــدى. چـوڭ بولغىنىڭدا، ئۆيدە پـۇل تۆگىسـە ئانـام چوقـۇم مەنـدىن سورايدۇ، دەپ ئويلىغاندىڭ، ئۇنداق قىلمىدى.

ھاياتىنىـــڭ ئەڭ ئـــاخىرقى كـــۈنى، ئـــۇنى يـــوقلاپ دوختۇرخانىغا بارىدىڭ. ئۇ ھەقىقەتەن ئاجىزلاپ كەتكەنـــدى. بوۋاق ۋاقتىڭدا سىنى قۇچىقىغا ئالغاندەك، ئۇ كـۈنى سـەن ئۇنى قۇچىقىڭغا ئالدىڭ، كېچىچە ھەمراھ بولۇشنى ئويلىدىڭ. ئاناڭ كۈلۈمسىرىگەن ھالدا:

ـ ئوغلۇم، بولدى سەن ئۇخلا، مەنمۇ ئارام ئـالاي، ئەتە ئەتىگەن ئويغۇنۇپلا سىنى چاقىرىمەن، ـ دىدى.

سەن ئۇخلاپ قالدىڭ، بىراق ئەتىسـى ئانـاڭ ئۇنـداق قىلمىدى.....چۈنكى ئۇ نەپەستىن قالغانىدى.

## داداڭغا ئېيىت

يۇرتۇمدىن ئۈرۈمچىگە ئوقۇشقا كەلگەندىن تارتىپ، ھەش ـ پەش دېگۈچە ئالتە يىلمۇ بولۇپ قالدى. ئۈرۈمچىنى بەك ياخشى كۆرۈپ كەتمىسەممۇ، بۇ ئالتە يىل جەريانىدا خۇددى ئادەم ئۆزىنىڭ بەدىنىگە ھەتتا بەدىنىدىكى ئاغرىقلارغىمۇ كۆنۈپ قالغاندەك، ئۇخلاش بىلەن خوشى يوق بۇ شەھەرگە ئاللىبۇرۇن كۆنۈپ قالغانىدىم.

ئوقۇش پۈتتۈرىدىغان يىلى، بىز پراكتىكىغا چىقتۇق. قەيسەر، گۈلسەنەم ۋە مەن ئۈچىمىز بىر گۇرۇپپا بولۇپ، مەلۇم بىر ناھىيەدىكى كىچىك بىر دوختۇرخانىغا بۆلۈندۇق. باشقا ئاقسۇلۇق ساۋاقداشلىرىمغا ئوخشاش قەيسەرمۇ ئەقىللىق، دوستلۇقنى قەدىرلەيدىغان، مىجەزى ئىتتىك ۋە ئازراق ھورۇن ئىدى. ئاقسۇدا تۇغۇلغانلىقىدىن پەخىرلىنەتتى. شۇ سەۋەبلىك ئاقسۇ شىۋىسىنى ئۇنتۇشنى خالىمايتتى. ئۇنىڭ ئېيتىپ بېرىشىچە، دادىسى ئاقسۇنى ياخشى كۆرمىگەن بىلەن ئاقسۇلۇقلارنى ياخشى كۆرىدىغان ئادەم ئىكەنتۇق.

قۇمۇلدا تۇغۇلۇپ ئۆسكەن گۈلسەنەم بولسا ئېگىز، بۇغدايئۆڭ كەلگەن، زوڭزوڭ تېپىلمىسا گەپ قىلمايدىغان كەم سۆز قىز ئىدى. بىراق، ئاستىرىتتىن دۇنيادىكى بارلىق ئەرلەرنى ئۆزىگە جەلپ قىلىشقا تىرىشاتتى. ئېغىر ـ بېسىق مىجەزىدىن قارىغاندا، گۈلسەنەم ۋېلىيام بلەيكنىڭ قىزلارنى

«كۆمۈشتەك يۇمشاق، ئالتۇندەك سەپرا» دېگەن تەسۋىرلىرىگە ئانچە ماس كەلمەيتتى. ئۇنىڭ دادىسىنىڭ ئېيتىشىچە، يېزىلىقلارنىڭ ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرۈشىنىڭ سەۋەبى، ئەسلىملىرىنىڭ ئېنىق بولماسلىقى ۋە شەيئىلەرنى يادىدا تۇتالماسلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك ئىكەن.

يېزىدىن پەرقلىنىپ كەتمەيدىغان بۇ ناھىيەگە كېلىپلا، ئۇرۇمچىنى سېغىنىشقا باشلىدىم. ھەتتا ئەزەلدىن بېرىپ باقمىغان كوچىلارنىمۇ سېغىنىشقا تىرىشتىم. يېزىلىقلار بىلەن پاراڭلىشىش ئۇنچە ئوڭاي ئىش ئەمەس. گەرچە بىلسىمۇ قانداق چۈشەندۈرۈشنى بىلمەيدىغان بۇ كىشىلەردىن ھەرقانداق سوئال سورىسام، بىلمەن، دەپلا جاۋاب بېرەتتى. ئەگەر ئۇلاردىن چارلىز1نىڭ كاللىسىنىڭ قانداق ئېلىنغانلىقىنى سورىسا، ئىككىلەنمەستىنلا بىلمەن، دەپ جاۋاب بېرىدۇ.

بۇ يەردىكى مەن ئەڭ ياخشى كۆرىدىغان جاي بولسا ھەپتىدە بىر قېتىم بولىدىغان دېھقانلار بازىرى. ئۇ ۋاقىتلاردا، بازاردا مەن يېيىشنى ياخشى كۆرىدىغان ھەممە نەرسە تېپىلىدۇ. ئاشپەزلەر بەك پاكىز بولۇپ كەتمىسىمۇ، تاماقلىرى شۇنداق ئوخشايدۇ. باشلانغۇچتا ئوقۇيدىغان مەزگىلىمدە، كۆك مۇچ ۋە پەمىدۇرنى ئارىلاشتۇرۇپ خامسەي ياساشقا مەھەللە بويىچە بىرىنچى ئىدىم. مەخپىي رېتسېپىم بولسا قولۇمغا تۇز سۈيى ئېلىپ سەيلەرنى ھارغۇچە مىجىقلاش ئىدى.

بىر كۈنى، نان سېتىۋېلىش ئۈچۈن بازارغا باردىم. ئادەتتە نان سېتىۋالسام ئەڭ سەت ناننى تاللاپ سېتىۋالىمەن. بۇ دادامدىن قالغان ئادەت. ھەرقېتىم دادام ئۆيگە ئىنتايىن

كۆرۈمسىز نانلارنى ئەكىرگەندە، ئاپام كايىپ كېتەتتى. دادام بېشىنى قاشلىغىنىچە ئاپامغا:

ـ هەي، سەن ئۇنداق دېگەن بىلەن بۇ ناننى مەن ئالمىسام كىم ئالىدۇ؟ ـ دەپ جاۋاب بېرەتتى.

تۇيۇقسىز بازاردا بىر قوزىنى قۇچاقلاپ، يىغا ئارىلاش كۆزلىرى بىلەن بۇ قوزىچاققا بىرنېمىلەرنى دەۋاتقان بىر كىچىك قىزنى كۆرۈپ قالدىم ـ دە، قىزىقىپ يېنىغا باردىم ۋە قوزىغا نېمە دەۋاتقانلىقىنى سورىدىم. قىز سوئالىمغا جاۋابەن بۇ قوزىغا ئۆزىنى ئاسرىشىنى، ئۇنىڭدىن خاپا بولماسلىقىنى ۋە ئۇنى تاشلىۋەتكۈسى يوقلۇقىنى... دېگەنلىكىنى ئېيتىپ بەردى.

كېيىن بىلسەم، بۇ قوزىنى قىزنىڭ چوڭ ئانىسى هايات ۋاقتىدا ئۇنىڭغا قالدۇرغان بولۇپ، دادىسىنىڭ هاراق ئىچىشكە پۇلى قالمىغانلىقى تۈپەيلى، سېتىش ئۈچۈن ئېلىپ چىققانلىقىنى بىلدىم. دادىسىدىن يېتەرلىك مۇھەببەتكە ئېرىشەلمىگەن بۇ كىچىك قىزغا نىسبەتەن، ئۇ قوي ئاللىبۇرۇن ئۇنىڭ دادىسىغا ئايلىنىپ بولغانىدى.

ئەينى دەۋردە، ئىسكەندەر زۇلقەرنەيىنىنىڭ دادىسى فىلىپ ئىسكەندەرنى ئۇرۇش ئۈچۈن ئوردىدىن قوپقان ۋاقتىدا، مەستىلىكتە ئالدىدىكى ئۇستەلگە پۇتلىشىۋۇپ يىقىلىپ چۈشكەنىدى. دەل مۇشۇ پەيتتە، ئىسكەندەر ئورنىدىن تۇرۇپ كۈپچىلىككە:

ـ ئەي، ماكېدونىيە خەلقى، پادىشاھىڭنىڭ ھالىغا قارا، بىر ئۇستەلدىن يەنە بىر ئۇستەلگە بېرىشقا قۇدرىتى يەتمىگەن بىر ئادەم قانداقمۇ ياۋروپادىن ئاسىياغا ئۆتەلىسۇن، ـ دېگەنىدى.

توغرا، بۇ كىچىك قىزغا بىردىنبىر بەختەرلىك تۇيغۇسى ئاتا قىلىۋاتقان بىر تال قوزىنىمۇ ساقلاپ قالالمىغان بىر دادا ئۇنىڭ كەلگۈسىنى قانداقمۇ بەختەر ساقلاپ قالالىسۇن؟!

بىر قوزىنىڭ پۇلىغا 30 بوتۇلكا ھاراق كېلىدۇ. 30 دېگەن سان بىلەن ئىنسانىيەت تارىخى بەكلا تونۇش. نۇھنىڭ كېمىسىنىڭ ئېگىزلىكى 30 كۇبىت ئىدى؛ ئادەم ئاتا قىزىل توپىدىن قوپقاندا 30 ياش ئىدى؛ ئابراكسىنىڭ تىكەنلىرى 30 تال ئىدى؛ يەھۇدا ئەيسانى سېتىۋەتكەندە ئالغان پۇلى 30 تەڭگە ئىدى؛ دادا قوزىنى 30 بوتۇلكىغا ساتتى.

مۇھەببەتكە قانمىغان، ھەتتا ئىككىلەمچى مۇھەببەت بىلەن ئۆزىگە ئازراق تەسەللىي بېرىشكىمۇ قادىر بولالمىغان بۇ قىز كەلگۈسىدە، ياق، ھازىرنىڭ ئۆزىدىلا نېمىگە ئايلىنىپ قالىدۇ؟ بۇنى بىلمەيمەن، شۇنداقلا بىلمەسكە سالىمەن.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئاڭلا ئەلى، مەكتەپتىلا تەربىيە كۆرگەن بالا ساۋاتسىز بالىدۇر. جەسۇرلۇقنى ۋە باتۇرلۇقنى داداڭدىن باشقا ھېچكىم ساڭا ئۆگىتەلمەيدۇ. «دادا بولۇشقا تەييارلىقىم يوقتىمىدى» دېگەنلەرگە ئېيت:

ـ «دادا»غا ئايلانغاندىلا ئۇلار ھاياتتا نېمىلەرگە تەييارلىق قىلىش كېرەكلىكىنى بىلىدۇ.

بالامغا ئۆي ۋە ماشىنا ئېلىپ بەردىم، ھەم خىزمەتكە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، دېگەنلەرگە ئېيت:

ـ دادىنىڭ مۇھەببىتى بولسا بالىغا نېمە ئىشلارنى قىلىپ بەرگىنى ئارقىلىق ئەمەس، بەلكى نېمە ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگەتكەنلىكى بىلەن ئۆلچىنىدۇ.

ھەرقانداق بىر قىز دادىنىڭ سۆيۈشى ۋە قۇچاقلىشىغا مۇھتاج، مەڭگۈ مۇھتاج. شۇندىلا ئۇ ھامان ئۆزىنى شەرتسىز سۆيىدىغان ۋە باغرىغا باسىدىغان بىر ئەرنىڭ بارلىقىنى ئۇنۇتمايدۇ ۋە بۇنىڭدىن خاتىرجەملىك تاپىدۇ. ئۇنداق بولمىغاندا، ئەنسىز يۈرەك ئەنسىز رېئاللىقنى پەيدا قىلىدۇ.

دادا بولسا قىزنىڭ باشقا ئەرلەرنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچىمى. دادا قانچە «ساغلام» بولسا، قىزنىڭ تاللىشى شۇنچە «ساغلام» بولىدۇ. ھەرقانداق بىر قىز چوقۇم ھاياتىدا ئۇنى ئۇمۇدسىزلەندۈرمەيدىغان بىر قەھرىمانىنىڭ بارلىقىنى بىلىشى كېرەك.

ئاتىلا ئوغلۇم، داداڭ ساڭا ئۆزۈڭ بۇزغان ئويۇنچۇقلىرىڭنى قانداق ئوڭشاشنى ئۆگەتسۇن. شۇندىلا كېيىنكى ھاياتىڭدا بۇزۇپ قويغان ئىشلىرىڭنى ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچكىمنىڭ ئوڭشاپ بەرمەيدىغانلىقىنى يادىڭدا چىڭ تۇتسەن. داداڭ سەن بىلەن توپ ئوينىسۇن، بۇ ئارقىلىق ئويۇنلاردا ئۇتساڭمۇ ياكى ئۇتتۇرساڭمۇ ئالىيجاناب بولۇشنى ئۆگىنىسەن.

مۇئەللىم كەلدى...

ئاڭلا قىزىم، باش ـ ئاخىرى يوق ئىشلار بىلەن كۈنىدە ئالدىراش يۈرگەن ياكى ئۆزىنى ئالدىراش كۆرسىتىۋاتقان داداڭغا ئېيت:

ـ ئىشلىرىڭنى قىلىش ئۈچۈن بىر ئۆمۈر ۋاقتىڭ بار، بىراق، مېنىڭ ئۆمرۈمدە بىرلا قېتىم «كىچىك بالا» بولۇش پۇرستىم بار. ماڭا يەنە ھەمراھ بولمىساڭ، چوڭ بولۇپ كېتىمەن، دادا.

## چىڭگىزخاننىڭ ئاچچىقى

ھەممىمىزگە ئايان، ئادەمنىڭ بالىلىق دەۋرى ئىنتايىن ئاستا ئۆتىدۇ. شۇ تۈپەيلى بالىلىقتىكى دوستلىرىمىز تېخى بەك كۆپ نەرسىلەر قاچىلانمىغان ئەسلىمىلىرىمىزدە ئالاھىدە ئورۇن تۇتىدۇ.

مەردان بولسا بالىلىق چېغىمدىكى ياخشى دوستۇم ئىدى. ئاپىلىرىمىز دوست بولغاندىن سىرت، دادىلىرىمىزمۇ دائىم بىللە قارت ئوينايتتى. ئادەمنى ئىككى نەرسە ئالاھىدە بېقىنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، بىرى ئورتاق مەنپەئەت، يەنە بىرى بولسا ئورتاق جىنايەت.

تەخمىنەن ئالتە ياش ۋاقتىمىزدا، مەردان ئىككىمىز ئىدارىدىكى بىر كىچىك ئىسكىلاتقا ئوت قويىۋەتكەنىدۇق. ئۇ دوستلۇققا خېلى يارايتتى. مەن ئۇنى ئېغىر كۆرۈنىدىغان يېنىك دېتالغا ئوخشىتىمەن. قارىماققا كەمسۆز كۆرۈنىدىغان بۇ دوستۇم، بەزى ۋاقىتلاردا بەك يېنىكلىك قىلاتتى. باشقىلارنىڭ ئىشىغا ئارىلاشمايتتى. ئەلۋەتتە، باشقىلارنىڭ ئۇنىڭ ئىشىغا ئارىلىشىشىغىمۇ يول قويمايتتى.

مەلۇم بىر شەنبىنىڭ ئەتىگىنى، ئۇ تۇيۇقسىز بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ھەممىمىزگە ئايانكى، دەم ئېلىش كۈنلىرى ئىنتايىن تېز ئۆتۈپ كېتىدۇ. سەۋەبى، دەم ئېلىش كۈنلىرىدە ئەتىگەن مەۋجۇت بولمايدۇ. چۈشكىچە ئۇخلاش

ئارزۇيۇم بەربات بولغىنىغا ئازراق ئاچچىقىم كەلگەن بولسىمۇ، مەردانىنىڭ ئاچچىقىنى كۆرۈپ مېنىڭ ئاچچىقىم دەرھال قېچىپ كەتتى.

ـ رەشىدەنىڭ مېنى تاشلىۋەتكىنىنى ئاڭلىدىڭ ھەقچان، سادىر دېگەن گۇي ئۇنى مەندىن تارتىۋالدى، ـ دەپ كايىپ كەتتى مەردان.

ـ مەن سادىرنى ياخشى بىلمەن، ئۇ مۇشۇ مەھەللىدىكىلەر ئىچىدە ئەڭ ياخشىسى ھېسابلىنىدۇ، ـ دېدىم مەن ئۇنىڭ ئاچچىقىنى بېسىش ئۈچۈن.

ـ ياخشى بولامدۇ ياكى بولمامدۇ، بۇنىڭ بىلەن كارىم يوق، ئۇنىڭ بىلەن قىلىدىغان ھېساب ـ كىتابىم بار.

ـ قارا، ھېچكىم ھېچكىمدىن ھېچنېمىنى تارتىۋالالمايدۇ، رەشىدە سەندىن ئايرىلىپ كەتكەن بولسا بۇ سادىرنىڭ ئىشى ئەمەس، رەشىدە بەلكىم سەندىن زېرىككەندۇ. بۇ بولۇپ تۇرىدىغان ئىشلارغۇ؟! ـ دېدىم مەن بىرئاز ئويلىنىۋالغاندىن كېيىن.

ـ بىراق خەق نېمە دەيدۇ؟! مېنى قولىدىن ئىش كەلمەيدىغان يارىماس دېمەمدۇ؟!

ـ ساڭا دېسەم، باشقىلارنىڭ نېمە دېيىشىدىن قورقۇپلا ئاۋارىچىلىق تاپما. سېنى سۆيمەيدىغان، ھېچبولمىغاندا سۆيۈشتىن توختىغان بىر قىز بالا ئۈچۈن بۇنداق قىلىش تېخىمۇ ئەرزىمەيدۇ.

ـ سەن مېنى رەشىدەدىن ئايرىلغانغا چىدىمايۋاتىدۇ دەۋاتامسەن؟ ساڭا دېسەم، بىر ئايالنى بەش مىنۇتتىن ئارتۇق

ئويلىغان ئەر ئەركەك ئەمەس. رەشىدە دېگەن بىر ۋاپاسىز، ئۇ ئىككى كۈنىڭ ئالدىدا كۆزۈمگە قاراپ تۇرۇپ، سەندىن زېرىكىپ كەتتىم، ئايرىلىپ كېتەيلى، دەيدۇ.

ـ ئۇ راست گەپ قىلىپتۇ. راست گەپ ئازراق ئاچچىق بولسىمۇ، يالغان ياخشى كۆرگەندىن ياخشى ئەمەسمۇ، ئىشقىلىپ ئۇرۇشۇپ قالما. سادىرمۇ بوش ئەمەس.

ـ سېنىڭچە مەن ئۇنىڭدىن قورقۇپ قالامدىم؟!

ـ بۇ قورقۇش مەسىلىسى ئەمەس. ئويلاپ باق، يات بىر بالا بىلەن ئالدىراپ ياتلىشىپ بولغان بىر قىزنى دەپ، ئۆزۈڭنى ۋە ئۇنى زەخىملەندۈرۈشنىڭ ھاجىتى بارمۇ؟

مەردان گەپلىرىمگە قۇلاق سالمىدى. ئاچچىق ئۇنىڭ ئەقلىنى كېسىۋەتكەنىدى. ئەتىسى، يۇلۇنغا سېلىنغان بىر پىچاقنىڭ زەربىسىدىن مەرداننىڭ ئۆسۈملۈك ئادەمگە ئايلىنىپ قالغان خەۋىرى كەلدى. گەرچە، دوستلۇق مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ بولدۇم دەپ ئويلىغان بولساممۇ، ئۆزۈمنى يەنىلا گۇناھكاردەك ھېس قىلدىم. بىرنەچچە كۈندىن كېيىن، دادام مېنى يېزىغا ئېلىپ بېرىپ توخۇ سوقۇشتۇرۇشنى كۆرسەتتى. راست گەپ قىلسام، بەكلا بىئارام بولدۇم. بىكاردىن ـ بىكارلا بىر ـ بىرىنى قان قىلىپ سوقۇشۇۋاتقان بۇ خورازلارغا نېمە بولدى؟!

مۇئەللىم كەلدى.....

*چىڭگىزخان لەشكەرلىرىنى باشلاپ، ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن ئسكارغا چىقتى. ئۇدا نەچچە كۈن ھېچقانداق نەرسىنى ئوۋلىيالمىدى. ئۇسسۇزلۇق ۋە ھېرىپ چارچاشتىن ھالى*

كەتكەن لەشكەرلەرنى كۆرگەن چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئامراق شۇڭقارى ۋە بىرنەچچە لەشكەرنىلا ئېلىپ قېلىپ، قالغانلىرىنى بارگاھقا قايتىشقا بۇيرىدى ـ دە، سەپەرنى داۋاملاشتۇردى.

ئۇسسۇزلۇقنى قاندۇرۇش ئۈچۈن شۇڭقارنى ئاسمانغا قويۇپ بېرىپ، سۇ تېپىشقا ئەۋەتتى. كۆك ئاسماندا بىرئاز پەرۋاز قىلغاندىن كېيىن، شۇڭقار يەرگە شۇڭغۇپ مەلۇم بىر جايغا قوندى. چىڭگىزخان ئادەملىرىنى باشلاپ، شۇڭقار قونغان يەرگە يېتىپ كەلدى. دەرۋەقە، كىچىك بىر تاغنىڭ يانباغرىدىكى يېرىقتىن ئازراق سۇ چىقىپ تۇراتتى.

چىڭغىزخان ئۆزىنىڭ كۈمۈش رەڭلىك رومكىسىنى چىقىرىپ، ئىنتايىن تەستە تولدۇردى. رومكىدا سۇنى ئىچىشكە تەمشىلىۋىدى، شۇڭقار تۇيۇقسىز ئۇنىڭ قولىغا قونۇپ، رومكا ۋە سۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. دەرغەزەپكە كەلگەن چىڭگىزخان ئاچچىقىدا شۇڭقارنى چىپىپ تاشلاشنى ئويلىدى ـ يۇ، بولدى قىلدى. ئارقىدىنلا رومكىنى ئىككىنچى قېتىم تولدۇرۇپ ئىچىشكە تەمشەلدى. بىراق، ئوخشاشلا شۇڭقار يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ قولىدىكى رومكا بىلەن سۇنى يەرگە چۈشۈرۈۋەتتى. بۇ قېتىم ئۇ شەمشىرىنى چىقىرىپ شۇڭقارغا تەڭلىدى. بىراق، ئۆزىگە ئۇزۇن يىل ھەمراھ بولغان دوستىدىن ئايرىلىپ قېلىشنى خالىمىغان چىڭگىزخان ئۇنىڭغا يەنىلا ھايات قېلىش پۇرسىتى بەردى. دەرۋەقە، ئۈچىنچى قېتىملىق سۇ بىلەن تولغان رومكىنى چۈشۈرۈۋەتكەن شۇڭقار بۇ قېتىم چىڭگىزخاننىڭ شەمشىرىدىن قېچىپ قۇتۇلالمىدى.

*شۇڭقار ئۆلدى. ھالبۇكى، تاغدىن ئېقىپ چىققان سۇمۇ تۇساتتىن توختاپ قالدى. سۇنىڭ مەنبەسىنى تېپىش ئۈچۈن تاغ ئۈستىگە چىققان چىڭگىزخان سۇدا ئىككى زەھەرلىك يىلاننىڭ ئۆلۈكىنى كۆردى. دەل شۇ چاغدا ئاندىن، سۇنىڭ زەھەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلگەن شۇڭقارنىڭ ئۇنىڭ ھاياتىنى قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، ئۆز ھاياتىنى دوغا تىكىپ، رومكىدىكى سۇنى قايتا ـ قايتا يەرگە تۆكىۋەتكەنلىكىنى چۈشەندى. بىراق، ئۇ كېچىككەنىدى.*

*بۇنىڭدىن ئىنتايىن قايغۇرغان چىڭگىزخان بارگاھقا قايتىپ، شۇڭقارنىڭ ھەيكىلىنى ياساتقۇزدى. ھەيكەلنىڭ ئوڭ قانىتىغا «دوستۇڭ ھەرقانچە ئاچچىقىڭنى كەلتۈرىدىغان ئىش قىلسىمۇ، ئۇ ھامىنى دوستۇڭ.» سول قانىتىغا «ئاچچىقتا قىلىنغان ھەرقانداق ھەرىكەت ۋە قارار سىنى پۇشايماندا قالدۇرىدۇ.» دەپ يېزىپ قويدى.*

قارا ئەلى، ئاچچىقتا قىلغان سۆزلىرىنىڭ ۋە ھەرىكەتلىرىنىڭ قىپقىزىل چوغنى ئېلىپ باشقىلارغا ئاتقانغا ئوخشايدۇ. ئاچچىق بولسا قورقۇشنىڭ يەنە بىر خىل شەكلى بولۇپ، ئۆزۈڭنى ۋە باشقىلارنى تېزلا يارىلاندۇرىدۇ.

«ھەممە ئادەم ماڭا ئۆچ، ھېچكىم مېنى ھۆرمەتلىمەيدۇ ۋە كۆزگە ئىلمايدۇ» دېگەن ئويغا مۇپتىلا بولغان ئادەم ھەممە كىشىنى ئۆزىنىڭ دۈشمىنى دەپ ئويلايدۇ. خۇددى بولقىغا ئايلىنىپ قالغان ئادەم ئۈچۈن ھەممە ئادەم مىخ بولۇپ كۆرۈنگەندەك.

ئەلۋەتتە، كۈندىلىك تۇرمۇشتا ئاچچىقلىنىشتىن خالىي بولالمايسەن. ئاچچىقلىنىش كەلگەندە ئېپادىلەشكە بولىدۇ، بىراق ئۇنىڭغا ئايلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ. بۇ دېگەنلىك، ئاچچىقلىنىشقا بولىدۇ، بىراق ئاچچىقى يامان ئادەمگە ئايلىنىپ قېلىشقا بولمايدۇ، چۈنكى ئۇلار ئاجىزدۇر. يەنە شۇنى ئېسىڭدە تۇتۇشۇڭ كېرەككى، ئاچچىق بولسا ئىس-تۈتەككە ئوخشايدۇ. سەۋر قىلساڭ، تېزلا كۆتۈرۈلۈپ كېتىدۇ.

ئېرىق بويىدا تۇرغان ئۇ بالىغا قارا، ئېرىقنىڭ سۈيى لاي بولۇپ كەتكەندى، سۈنى سۈزۈلدۈرىمەن دەپ، ئېرىققا سەكرىدى. نەتىجىدە، سۈنى تېخىمۇ لېيىتىۋەتتى. ئەگەر ئۇ ئېرىق بويىدا سەۋرچانلىق بىلەن بىرئاز ساقلىغان بولسا ئىدى، سۇ ئۆزلۈكىدىن سۈزۈلۈپ قالغان بولاتتى.

گەپلەر بارا ـ بارا تۈگەشكە باشلىدى، ئۇنىڭ تويى قىلغان ياكى قىلمىغانلىقىنى سورىدىم. بۇ گەپنى ئاڭلاپلا نەبىنىڭ كۆزى كىچىكلەپ، بۇرۇنلىرى قىچىشىشقا باشلىدى. ئىككى قولىنى يۈزىگە قويدى. مايمۇنلار ئادەتتە خىجىل بولغاندا ئىككى قولى بىلەن يۈزىنى توسۇۋالىدۇ، شۇ ئارقىلىق ئۆزىنى غايىپ بولدۇم دەپ قارايدۇ. بەلكىم مايمۇنلار باشقىلارنى كۆرمىسەم ئۇلارمۇ مېنى كۆرمەيدۇ، دەپ ئويلىسا كېرەك.

ـ ئاداش، ماڭا ھەرقانداق سىرىڭنى دېسەڭ بولىدۇ، مەن بىراۋنىڭ سىرىنى باشقىلارغا دېيىش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھۇزۇرغا قارىغاندا، ئۇ سىرلارنى ساقلاش ئارقىلىق ئېرىشكەن ھۇزۇرنى تېخىمۇ ياخشى كۆرىمەن، ـ دېدىم مەن كۈلۈمسىرىگەن ھالدا.

ئۇ ئۆزىنىڭ توي قىلغىنىغا بەش يىل بولغانلىقى، ھازىر ئىككى بالىسىنىڭ بارلىقى، بالىلىرىنىڭ بىر ـ بىرىدىن ئەقىللىقلىقى، ھەتتا ئادەمنىڭ ئەقلىگە كەلمەيدىغان گەپلەرنى ۋە ئىشلارنى قىلالايدىغانلىقىنى ئېيتتى. نەبىنىڭ بۇ سۆزلىرى توي قىلغىنىغا ئۇزۇن بولمىغان بارلىق ياش ئاتا ـ ئانىلارنىڭ دائىم دەيدىغان گېپى ئىدى. دوستلىرى بىلەن ئولتۇرغاندا بالىلىرىنى ماختاش ئاللىبۇرۇن ئۇيغۇرلارنىڭ ئادىتىگە ئايلىنىپ كەتكەن ئىش. مەن بۇنى «ئۆزىنى ۋاستىلىق ماختاش» دەپ ئاتايمەن.

نەبى گېپىنى داۋاملاشتۇرۇپ، گەرچە دەسلەپكى يىللاردا ئايالى بىلەن بەختلىك ئۆتكەن بولسىمۇ، ھازىر بارا ـ بارا

چىقىشالمايۋاتقانلىقى، مىجەزىنىڭ قەتئىي كېلىشمەيۋاتقانلىقى ۋە شۇ سەۋەبلىك يېقىندا ئاجراشماقچى ئىكەنلىكىنى ئېيتتى.

ئۇنىڭغا ياردەم بەرمەكچى بولدۇم. بىراۋغا ياردەم بېرىش ھۇزۇرلۇق ئىش، چۈنكى ياردەم بەرگۈچى ئۆزىنى ياردەمگە ئېرىشكۈچىگە قارىغاندا ئۈستۈن ۋە ئالاھىدە ھېس قىلىدۇ. بىراق ئۇنىڭغا قانداق ياردەم بېرىشنىمۇ بىلمىدىم. قوشنىلىرى، ئۇرۇق-تۇغقانلىرى ۋە ئاتا-ئانىسى دائىم دەيدىغان ئۇنۇمسىز نەسىھەتلەرنىمۇ قىلىشنى خالىمىدىم. پاراڭلارمۇ تۈگەپ، مەن كىتاب كۆرۈش بىلەن، نەبى ئۆزىنىڭ تاختا كومپيۇتېرى ئارقىلىق «مۇز ئېراسى» ناملىق كارتون فىلىمنى كۆرۈش بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق.

سەپەر پىرىملاشقاندا، مەن تۇيۇقسىز ئۇنىڭدىن «مۇز دەۋرىدە كىرپىلەرنىڭ قانداق ھايات قالغانلىقىنى بىلەمسەن؟» دەپ سورىدىم. ئۇ «مەن بىلمەيمەن، بىراق بىلمەيمەن دېيىشنىمۇ خالىمايمەن، سەن دەپ بەر» دېگەن رەۋىشتە ماڭا قارىدى.

مۇئەللىم كەلدى.....

ئەينى ۋاقىتتىكى مۇز دەۋرىدە، يەر شارى تېمپېراتۇرىسى قاتتىق چۈشۈپ، قەھرىتان سوغۇققا چىدىمىغان ھايۋانلار ئىللىق جاي ئىزدەپ سەپەرگە چىققانىكەن. نۇرغۇنلىرى مەنزىلگە بېرىپ بولالماي، توڭلاپ ئۆلۈپ قالغانىكەن. بۇنى كۆرگەن كىرپىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئۇ ئاستا مېڭىشىدا مەنزىلگە مەڭگۈ يېتىپ بارالمايدىغانلىقىنى بىلىپ، ھاياتىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ھەممىسى بىر يەرگە يىغىلىپ،

بىر ـ بىرىگە چاپلىشىش ئارقىلىق ئىسسىقلىق پەيدا قىلماقچى بوپتۇ. بىراق ئويلىمىغان يەردىن بىر ـ بىرىگە يېقىنلاشقان ھامان تىكەنلىرى سانجىلىپتۇ. ئاغرىققا چىدىمىغان كىرپىلەر ئامالسىز بىر ـ بىرىدىن يىراقلىششقا مەجبۇر بولۇپتۇ. نەتىجىدە، قەھرىتان سوغۇقنىڭ تەسىرىدە كىرپىلەرنىڭ زور بىر قىسمى ئۆلۈپ كېتىپتۇ. ئېشىپ قالغان ئازغىنە بىرقىسىم كىرپىلەر ئۆزلىرىنىڭ ھايات قېلىشى ئۈچۈن ئىسسىقلىق پەيدا قىلىشى، ئىسسىقلىق پەيدا قىلىش ئۈچۈن بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇشى، بىر ـ بىرىگە يېقىن تۇرۇش ئۈچۈن بىر ـ بىرىنىڭ تىكەنلىرىگە بەرداشلىق بېرىشى كېرەكلىكىنى تونۇپ يېتىپتۇ. شۇنداقلا قايتا بىر ـ بىرىگە يېقىنلىششقا باشلاپتۇ.

ئىنسان تۇغۇلىشىدىنلا ھەمكارلىشىپ ياشايدۇ ۋە ھايات قالىدۇ. ئالەمغۇ ئەلۋەتتە بىزدىن مۇشۇنى تەلەپ قىلىدۇ. كىشىلىك مۇناسىۋەتتە بىر ـ بىرىمىزنىڭ ئوخشاش تەرىپى بىزنى خۇشال قىلسا، ئوخشىمايدىغان تەرەپلىرى بىئارام قىلىدۇ. بىراق مۇشۇ بىئاراملىق دەل بىر ـ بىرىمىزنى داۋالايدىغان تىكەنلەردۇر.

ئەتراپىمىزدىكى بىز تونۇيدىغان ۋە بىللە ياشايدىغان ھەرقانداق كىشى ئەمەلىيەتتە قەلبىمىزنىڭ سايىسىدۇر. بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ دوختۇرى ۋە ئوقۇتقۇچىسى ھېسابلىنىمىز. ئۇلارنىڭ تىكەن بولۇپ سانجىلغان خارەكتېرلىرى، گەپ ـ سۆزلىرى ۋە ھەرىكەتلىرى قەلبىمىزدىكى بىزنى دائىم قورقۇتىدىغان ئالۋاستىنى چىقىرىپ تاشلاشقا ياردەم بېرىدۇ.

ئايالىڭىزنىڭ كۆزۈڭگە ئەڭ سىغمايدىغان تەرەپلىرى ئەمەلىيەتتە قەلبىڭىدىكى سەن چىقىرىشتىن، ھەتتا قاراشتىنمۇ قورققان، شۇ سەۋەبلىك بېسىپ كەلگەن، بىراق چوقۇم چىقىرىشقا تېگىشلىك تەرەپلىرىڭ ھېسابلىنىدۇ. مەيلى ئايالىڭىزنىڭ بولسۇن ياكى دوستۇڭنىڭ بولسۇن، ئۇلارنىڭ ساڭا ئوخشىمايدىغان تەرىپى دەل كىرپىنىڭ تىكىنىگە ئوخشاش ساڭا سانجىلىدۇ. بىراق مۇشۇ سانجىلىشقا بەرداشلىق بېرەلىگەندىلا «مۇناسىۋەت»لەر ھايات قالىدۇ. ئاندىن سېنى بىئارام قىلىۋاتقان بۇ تىكەنلەر بارا ـ بارا سېنى داۋالاشقا باشلايدۇ.

ئادەمنىڭ ساپاسى ئۆزى ياخشى كۆرمىگەن ئىشلارنى ۋە ئادەملەرنىمۇ ھۆرمەت قىلىشتا ئىپادىلىنىدۇ. بىر ئەر بولغۇچى ئايالىغا «سېنىڭ تىكەنلىرىڭنى ئېلىۋېتىمەن، مېنىڭلا سانجىلىشى كېرەك» دېسە، ئۇ ھالدا بۇ ئەر ئاجىز ۋە يارامسىز ئەر ھېسابلىنىدۇ.

قارا نەبى، نۇرغۇن ئەر ـ ئاياللار دائىم «ئۇنىڭ مەن ياقتۇرمايدىغان نۇرغۇن يەرلىرى بولسىمۇ، چىداپ ياشاپ كېلىۋاتىمەن» دەيدۇ ياكى ئويلايدۇ. بىراق ئۇلار قارشى تەرەپتىكى ئۆزلىرى ياقتۇرمايدىغان ئاشۇ «ئوخشىماسلىق»لار تۈپەيلى، تەقدىرنىڭ ئۇلارنى بىرىيەرگە ئەكەلگەنلىكىنى چۈشەنمەيدۇ. شۇ ئېسىڭدە بولسۇنكى، ئائىلىدە «مەن» يوق، بەلكى «بىز» بار.

گېپىم تۈگىمىگىلا ئايرو خانقىز ئايروپىلاننىڭ ئەمدى تۆۋەنلەيدىغانلىقىنى، ھاجەتخانىغا كىرىدىغانلارنىڭ تېزرەك كىرىۋېلىشىنى ئۇقتۇردى. كىرىشكە مۇھتاج بولمىسامۇ،

نەبىگە بەش مىنۇت يالغۇز قېلىش پۇرسىتى بېرىش ئۈچۈن تازىلىق ئۆيىگە ماڭدىم. يېرىم ئايدىن كېيىن، تېلېفونۇمغا «رەھمەت، ئاداش» دېگەن ئۇچۇر كەلدى. «ھېچقىسى يوق» دېگەن ئۇچۇرنى يوللاپ يۇرمىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن نەبىنى كۆرۈپ باقمىدىم.

## جەنۋەدىكى بىر پارچە رەسىم

نوپۇسى 200 يۈز مىڭغا يەتمەيدىغان جەنۋە شەھىرى ئۆزىنى دۇنيانىڭ مەركىزىدەك ھېس قىلىدۇ. نۇرغۇن كىشىلەر(ئالاھىدە كىشىلەر) بۇ جايغا كېلىپ يىغىنلارغا قاتنىشىدۇ. شۇ سەۋەبلىك ئاسماندا پات-پات تىك ئۇچار ئايروپىلانلارنى ئۇچراتقىلى بولىدۇ. بۇ يەردە نەچچە كۈندىن بۇيان توختىماي چىقىۋاتقان سوغۇق شامال مىنى ماروژنى يېيىشتىن ئىزچىل توسۇپ كەلمەكتە ئىدى. بۇ سوغۇق شامال مەن شىۋىتسارىيەگە كېلىپ ئۈچىنچى كۈنىمۇ، بەشىنچى كۈنىمۇ توختىمىدى. ئالپىس تېغىدىن قايتىپ كەلگەندىن بېرى، كۆپىنچە ۋاقتىمنى مېھمانخانىدا ئۆتكۈزدۈم.

بىر كۈنى ئەتىگەن، ناشتا قىلىپ بولۇپ، سىرتقا چىقتىم-دە، گېزىت-ژۇرنال ساتىدىغان بىر بوتكىنىڭ ئالدىدا توختىدىم. نېمىلا دېگەن بىلەن، ياۋروپادا تۇرىۋاتىمەن، شۇ سەۋەبلىك ئۇلارنىڭ ئادىتىنى دورىغۇم كەلدى. شۇۋىس تىلى مەن ئۇچۇن پۈتۈنلەي يات بولغانلىقى تۈپەيلى، فىرانسۇز تىلىدىكى بىر گېزىت ۋە بىر باللار ژۇرنىلى سېتىۋالدىم. چۈنكى باللار ژۇرنىلىنى چۈشىنىش ئوڭاي دەپ ئويلىدىم. ياتاققا قايتىپ كېلىپلا، بالكوندا بىر ئىستاكان كاپۇچىنو ئىچكەش گېزىتنى ۋاراقلىدىم. گېزىتتە مۇنۇلار يېزىلغان ئىدى:

ھەر يىلى ياۋروپادا ئەر-ئاياللار جۆرىسىنىڭ ئاشىنىلىرىنىڭ ئىزىغا چۈشۈپ، ئىسپات تۇپلاش ئۈچۈن شەخسىي رازۋېتچىكلارنى ياللاشقا سەرپ قىلغان پۇل 74 مىليون فرانك(تەخمىنەن 500 مىليون يۈەن)قا يېتىپ بارىدۇ.

ئۇف، مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟ ياۋروپالىقلارنىڭ بۇ قىلىقىنى ئائىلىنى سۆيۈش دەمدۇق ياكى كەسپلىشىش دەمدۇق؟ ئىشقىلىپ بۇ ئىش ماڭا بىمەنە تۇيۇلدى. گېزىتنى قويۇپ، ژۇرنالنى قولۇمغا ئالدىم. مۇقاۋىسىنىڭ ئۈستىدە مەن ئەزەلدىن كۆرۈپ باقمىغان بىر ئۇماق ھايۋاننىڭ سۈرىتى بار ئىدى. ژۇرنالنى ئوتتۇرىدىنلا ئاچتىم، ئاچقان بېتىمدە تۆۋەندىكى باللار ھېكايىسى تۇراتتى:

*بۇرۇننىڭ بۇرۇنىسىدا بىر چاشقان بولۇپ، ھەمىشە مۇشۇكتىن قورقۇپ كۆڭلى غەش يۈرىدىكەن. بۇنى كۆرگەن بىر سېھىرگەر ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ، بۇ چاشقاننى مۇشۇككە ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. مۇشۇككە ئايلانغان بۇ چاشقان شۇنىڭدىن كېيىن ئىتتىن قورقۇپ ياشاشقا باشلاپتۇ. سېھىرگەر ئۇنى ئىتقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. ئىتقا ئايلانغاندىن كېيىن، يولۋاستىن قورقۇشقا باشلاپتۇ. بۇنىڭدىن ئىنتايىن بىئارام بولغان سېھىرگەر ئۇنى ئاخىرى يولۋاسقا ئايلاندۇرۇپ قويۇپتۇ. يولۋاسقا ئايلانغاندىن كېيىن بولسا، ئوۋچىلاردىن قورقۇپ يۈرۈپتۇ. بۇنىڭدىن قاتتىق ئەپسۇسلانغان سېھىرگەر ئۇنى ئەسلى ھالىتىگە قايتۇرۇپ قويۇپتۇ ۋە ئۇنىڭغا: «ساڭا ياردەم بېرەلمىگۈدەكمەن، چۈنكى سەندىكى قورقۇشنى*

كەلتۈرۈپ چىقارغان نەرسە سىرتتا بولماستىن بەلكى ئىچىڭىدە ئىكەن.» دېگىنىچە كىتىپ قاپتۇ.

بالىلار ئۇچۇن چىقىرىلغان بۇ ژۇرنال چوڭلار ئۇچۇنمۇ بېزىلغاندەك تۇيۇلدى. ئادەم چوڭ بولغانسىرى، بالىلىق چاغلىرىدىكى ئۆزىنى خۇشال قىلىش ئۇچۇن بىلىدىغان نۇرغۇن نەرسىلەرنى ئۇنتۇپ قالىدۇ.

بالىلار باشقىلارنىڭ ئالدىدا يىغلاشنى نومۇس بىلمەيدۇ. چۈنكى ئۇلار يىغلاش ئارقىلىق مۇھەببەتكە ئېرىشىدۇ. كۆڭلى بىرىم بولغاندا ئىپادىلەيدۇ. نەتىجىدە، ئۇنى بەزلەيدىغان ئادەمگە ئېرىشىدۇ. كۆلۈپ ئېرىشەلمىگەن نەرسىلەرگە يىغلاش ئارقىلىق بولسىمۇ ئېرىشىدۇ، تاكى ئېرىشمىگۈچە بولدى قىلمايدۇ. ئۇلار ھەتتا قورقۇشنىمۇ بىلمەيدۇ. ھېچ بولمىغاندا، چوڭلارغا ئوخشاش ئوي-خىياللىرىدىن قورقۇپ يۈرمەيدۇ. ئۇلار ئۇچۇن يىقىلىپ چۈشۈش ئويۇننىڭ بىر قىسمى. شۇڭا ھەرقانچە قاتتىق يىقىلسىمۇ ھېچنېمە بولمايدۇ. چوڭلار بولسا بارا-بارا يىغلاشنى ئۇنتۇپ قالىدۇ، يىغلىسىمۇ ھېچكىم يوق يەردە يىغلاشنى تاللايدۇ. بالىلىرىدىن باشقا كىشىلەرگە كۆلۈمسىرەشنى خالىمايدۇ، كۆڭلى بىرىم ئىكەنلىكىنى ئىپادىلەشتىن تېخىمۇ قورقىدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشىدا بۇ ئاجىزلىقنىڭ ئىپادىسى.

تام سائىتىگە قارىدىم. سائەت 10دىن 29 مىنۇت ئۆتكەنىدى. بۇ دۆلەتتە سائەت ئالدىراپ خاتالاشمايتتى. چۈشلۈك تاماققا يەنە بىر سائەت 31 مىنۇت ۋاقىت بار. يەنىلا تالاغا چىقىپ ئايلىنىشنى توغرا تاپتىم. چوڭ يولدا ماشىنا ئاز

بولسىمۇ، يەنىلا كىچىك يولدا ماڭدىم. شۈتتىسارىيەنىڭ قىش ۋاقتىدىكى ئاق رەڭگىگە چىرايلىق قارا چېكىت بولۇپ تۇرغان بىر قارا تەنلىك ئەرنىڭ رەسىم سېتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم. گۇلخانىنىڭ يېنىدا ئىككى ئادەم ئولتۇرغان مەنزىرە تەسۋىرلەنگەن بىر پارچە رەسىمنى قولۇمغا ئالدىم.

ـ بۇ بەك ياخشى رەسىم، ساقلاپ قويساڭ بولىدۇ، ـ دېدى يېنىمدا تۇرغان بىر ياشانغان بوۋاي.

ئۇنىڭ يېنىمغا قاچانلاردا كەلگىنىنى تۇيماي قاپتىمەن.

ـ سىز قەيەرلىك؟ ـ دەپ سورىدىم.

مەن ۋېنگىرىيەلىك، ـ دەپ جاۋاب بەردى ئۇ.

«ئەلـــۋەتتە» دېـــدىم مەن ئىچىمــــدە، چـــۈنكى شۈتتىسارىيىلىكلەر ھەرگىزمۇ بىراۋنىــڭ رۇخســتىنى ئالمــاي تۇرۇپ ئۇنىڭغا تەكلىپ بەرمەيتتى.

ـ بۇ نېمە رەسىم؟ ـ دەپ سوئالىمنى داۋاملاشتۇردۇم.

ياشانغانلاردىن تەكلىپ ۋە سوئال سورىسا، ئۇلار ئىنتايىن خۇشاللىق بىلەن جاۋاب بېرىدۇ. چـۈنكى ياشـلارغا تەكلىـپ بېرىش ۋە يول كۆرسىتىش ئۇلار ئۈچـۈن ئۆزىنىـڭ تېخـى «كېرەكسىز» ئەمەسلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ.

ـ گۇلخانىنىڭ يېنىدا ئولتۇرغان بۇ ئىككى كىشـى بولسـا ھابىل بىلەن قابىل، ـ دەپ گەپ باشلىدى ئۇ بوۋاي:

ھابىل قابىل تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىن، ئـۇلار كېيىنكى ھاياتىدا بىر قوملۇقتا ئۇچرىشىپ قاپتۇ. بىر ـ بىرىنى كۆرۈپ ئىنتايىن خۇشال بولغان بۇ ئاكـا ـ ئـۇكىلار قـاراڭغۇ چۈشىشىگىلا، گۇلخـان يېقىـپ تامـاق يېيىشـكە باشـلاپتۇ.

ئاسماندا تېخى ئىسسىق قويۇلمىغان يۇلتۇز چىمىرلاۋاتقان ئىدى. هازىرچە ئۇلار ئۇچۇن يىراقتىكى يۇلتۇزدىنمۇ مۇھىم بولغان يېنىدىكى گۈلخانىنىڭ ئوتى ئۇلارغا ئىسسىقلىق بېغىشلاۋاتاتتى. دەل شۇ پەيتتە، قابىل ھابىلنىڭ پېشانىسىدىكى ئەينى ۋاقىتتا ئۆزى ئاتقان تاشتىن قالغان يارا ئىزىنى كۆرۈپ، يەۋاتقان تاماقنى يەرگە قويۇپتۇ ۋە ھابىلنىڭ ئۇنى كەچۈرۈۋېتىشىنى ئۆتۈنۈپتۇ.

ـ تاشنى ماڭا سەن ئاتقانمۇ؟ ياكى مەن ساڭا ئاتقانمۇ ئېسىمدە قالماپتۇ. ئۇ بەرىبىر ئۆتۈپ كەتكەن ئىشقۇ، مۇھىم بولغىنى بولسا بىز ئىككىمىز «ھازىر» بىللە ئولتۇرۇپ، خۇشال ھالدا تاماق يەۋاتىمىز،ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ ھابىل.

ـ مېنى كەچۈرۈۋەتكىنىڭگە راستىنلا ئىشەنمىدىم، چۈنكى ئۆتۈپ كېتىشنىڭ ئۆزىلا كەچۈرۈۋەتكەنلىكىڭنى بىلدۈرىدۇ، ئۇنداقتا مەنمۇ ئۇ ئىشلارنى ئۆتۈپ كېتىشكە تىرىشاي،ـ دەپتۇ قابىل.

ـ شۇنداق، ئۆتۈپ كەت. پۇشايمان داۋاملاشسا گۇناھمۇ داۋاملىشىدۇ.....

بوۋاي گېپىنى تۈگەتكەندىن كېيىن، قانداقتۇر بىر ئىش تويۇقسىز ئېسىگە كېلىپ قالغاندەك جىددىي كېتىپ قالدى. رەسىمنى بەش فرانكقا باھا تالاشمايلا سېتىۋالدىم. چۈشلۈك تاماقنى يەپ بولغاندىن كېيىن، ياتاققا كىرىپ، بالكوندىكى تەۋرەنمە ئورۇندۇقتا ياتقاچ ئويلىنىپ قالدىم.

مۇئەللىم كەلدى.....

تۇغرا، ئۇنتۇش كەچۈرگەنلىكنىڭ ئىپادىسى. شۇنداقلا كەچۈرۈش ئۇنتۇشنىڭ باشلىنىشى. بىراۋنى كەچۈرمىگىنىڭنىڭ ئۆزىلا ئۆزۈڭنى ئازابلايدۇ. نەتىجىدە، ئۇنىڭغا بولغان نەپرەت كاللاڭدا ساختا ھېكايىلەرگە ئايلىنىپ، سىنى تۇختىماي بىئارام قىلىدۇ.

سەن بىر قۇشنى تۇتۇپ قەپەزگە سولىغىنىڭدا، قۇش ئۈچۈن سەنمۇ بىر قەپەزگە سولانغان بولىسەن. سەن غۇم ساقلاۋاتقان ئاشۇ كىشىلەرمۇ ئوخشاشلا سىنى داۋالاش ۋە تەربىيەلەش ئۈچۈن كەلگەن پەرىشتىدۇر. ئۇلار ساڭا ئۆگەتمەكچى بولغان دەرسلەرنى بىلگىنىڭدە، ئۇلارنىڭ كاللاڭدىكى ئوبرازى تېزلا ئۆزگىرىپ، دۈشمەندىن شاپائەتچىگە ئايلىنىدۇ.

بىراۋنى كەچۈرمەسلىك سىنى ھايات ھېكايەڭدە مەھبۇسقا ئايلاندۇرۇپ قويىدۇ. كېچە-كۈندۈز ئۇنىڭ جازالىنىشىنى تىلەيسەن. بىراق، ئۆزۈڭ جازالىنىسەن. ئاقىۋەتتە «مەنلا مۇشۇنداق بولامدىم؟ بۇ ئىشلار ماڭىلا ئۈچرامدۇ؟» دېگىنىڭچە، قاقشاپ قاراڭغۇلۇقتا ئۆلۈپ كېتىسەن.

ئاڭلا ئەلى، باشقىلارنى كەچۈرۈۋېتىش تۈرمىدىن چىققانغا باراۋەر. شۇڭا دەيمەن، بىراۋنى كەچۈرۈش، قانداقتۇر ئەخلاق-پەزىلەت ئەمەس بەلكى ئۆزۈڭنى قۇتقۇزغانلىق. ئۆزۈڭ ئۆچ بولۇپ يۈرگەن ئاشۇ كىشىلەرنىڭ بەختىنى تىلە. نېمىشقا دەمسەن؟ چۈنكى بۇ ئۆزۈڭنىڭ بەختىنى تېپىشنىڭ بىردىنبىر يولى.

بوۋاي باللارغا ھايات ھەققەتلىرىدىن:

ـ قەلبىڭنىڭ چوڭقۇر قاتلىمىدا ئىزچىل بىر مەيــدان جەڭ بولىدۇ. بۇ جەڭ ئىككى بۆرىنىڭ ئېلىشىشى. بىــرى، ئــازاپ بۆرىســـى. ئـــۇ ھاكـــاۋۇرلۇق، چۇشـــكۈنلۈك، ئـــاداۋەت، مەنمەنچىلىك ۋە ئۆچمەنلىككە ۋەكىللىك قىلىدۇ.

يەنە بىـــرى، خۇشـــاللىق بۆرىســـى، ئـــۇ مېھرىبـــانلىق، ئۈمىـــدۋارلىق، مـــۇھەببەت، كەمتەرلىـــك ۋە ئەپۇچانلىققـــا ۋەكىللىك قىلىدۇ.

بۇ ئىككى بۆرە ئارىسىدىكى جەڭ ســىلەرنىڭ، شـــۇنداقلا بارلىق ئادەملەرنىڭ قەلبىدە يۈز بېرىۋاتـــىدۇ ۋە تەقــدىرىنى بەلگىلەۋاتىدۇ، ـ دېدى.

ئۇنداقتا، قايسى بۆرە غالىپ كېلەر؟، ـ دەپ سورىدى بىر بالا.

بوۋاي كۈلۈپ تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

ـ قايسى بۆرىگە يېمەكلىك بېرىپ باقســاڭ، شـــۇ بـــۆرە غەلىبە قىلىدۇ.

## 66 ياشلىق ئەلى قۇربان

بۇ قورقۇنچلۇق ۋەقە 2013 - يىلى، ئۆرۈمچىنىڭ مەلۇم بىر باغچىسىدا يۈز بەردى.

ئەتىگەن سائەت ئالتىدە، باغچىدىكى قايتا سىرلاشقا تېگىشلىك بىر ئورۇندۇقتا ئولتۇراتتىم. ئالدىنقى كۈندىكى دەرسىم ئوقۇغۇچىلارنى قىزىقتۇرغانىدى. تۇيۇقسىز يېنىمدا بىرسى ئولتۇرغان ھالەتتە پەيدا بولدى. قورققىنىمدىن ئورنۇمدىن تۇرۇپ كېتەي دېدىم-يۇ، ئەدەپسىزلىك بولمىسۇن دەپ داۋاملىق ئولتۇرۇشنى تاللىدىم. ئۇ كىشى مەن كىچىك ۋاقتىمدا ئاڭلاشنى ۋە كۆرۈشنى ياقتۇرىدىغان كارتون فىلىم «مىم»نىڭ باشلىنىش مۇزىكىسىنى ئىسقىرتىشقا باشلىدى.

- سىز كىم؟ - دەپ سورىدىم بۇ ياشانغان كىشىدىن.

- ئىسمىم ئەلى قۇربان، ئاتۇشتا تۇغۇلغان، ھازىر ئۆرۈمچىدە تۇرىمەن، - دەپ جاۋاب قايتۇردى ئۇ.

- مەنمۇ ئەلى قۇربان.

- سەن ئەلى قۇربان ئىكەنلىكىڭنى قانداق ئىسپاتلايسەن؟ - دەپ سورىدى ئۇ.

- ئۆيۈمنىڭ كىتاب جازىسىنىڭ ئۈچىنچى قۇرىدا فيودور دوستوۋىسكىنىڭ «ئالۋاستىلار» ناملىق كىتابى بار.

- ئەمەلىيەتتە بارلىق كىتابلار ئەھمىيەتسىز، ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق. بىراق، ئوقۇشنىڭ ھاجىتى يوق ئىكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈن چوقۇم ئوقۇشۇڭ كېرەك.
- دېمەك سىز مېنىڭ قېرى ۋاقتىم شۇنداقمۇ؟
- توغرا، مەن بولسام سېنىڭ 66 ياش ۋاقتىڭ.
- ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ؟
- ياخشى. تۈنۈگۈن تېخى ئاشقازان راكى ئىكەنلىكىمنى بىلدىم. بىراق، قورقۇپ كەتمە، ھازىر بۇ كېسەل ئادەتتىكى بىر كېسەل. كۆانت دوختۇرى ماڭا يەتتە كۈن ھازىردا ياشاپ بەرسەملا ساقىيىپ كېتىدىغانلىقىمنى ئېيتتى.
- سىڭلىم قانداقراق؟ - دەپ سورىدىم ئۇنىڭدىن.
- ئۇ ئەزەلدىن ياخشى. بىراق ئەزەلدىن ئۆزىنى ياخشى دەپ قارىمايدۇ. ھە راست، دوختۇر بىر يىلدىن كېيىن مېنىڭ قارىغۇ بولۇپ قالىدىغانلىقىمنى ئېيتتى. بۇنىڭدىن شۇنداق خۇرسەن بولدۇم. چۈنكى ئەمدى تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرەلەيمەن، - دېگىنىچە غايىپ بولدى.

چۆچۈپ ئويغۇنۇپ كەتتىم. ئۆيۈمنى ۋە كارىۋىتىمنى تولۇق كۆرەلىگىنىمدىن شۇنداق خۇشال بولدۇم. چۈش كۆرۈپتىكەنمەندە، دېدىم ئىچىمدە. بىراق، مەن 66 ياشلىق بوۋايغا ئايلىنىپ چۈش كۆردۈممۇ؟ ۋە ياكى 66 ياشلىق بوۋاي ھازىر ماڭا ئايلىنىپ چۈش كۆرۈۋاتامدۇ؟ بۇنى تا ھازىرغىچە بىلمەيمەن. بىراق ئۇنىڭ چىرايىدىكى تەبەسسۇم ۋە خاتىرجەملىك مېنى قېرىش ۋە قېرىلار توغرىسىدا ئويغا سالدى.

مۇئەللىم كەلدى.....

قىرلىق بولسا ئادەمگە بېرىلگەن ئەڭ چوڭ سوۋغات. بىراق، ھەرقانچە ياخشى سوۋغاتنىمۇ ئېچىپ كۆرمىسەڭ، ئۇ پەقەت بىر كېرەكسىز قاپ ھېسابلىنىدۇ. قىرىش بىلەن كېرەكسىز بولۇپ قېلىش ھەرگىزمۇ مەنىداش سۆز ئەمەس. قىرىغانسىرى مېنىڭ دەپ ئويلىغان نەرسىلەردىن بىر ـ بىرلەپ ئايرىلىسەن. ھەتتا بەدىنىڭنىڭمۇ سېنىڭ ئەمەس ئىكەنلىكىنى بىلگىنىڭدە، ئاندىن ئۆزۈڭنىڭ روھقا ئىگە بەدەن ئەمەس، بەدەنگە ئىگە روھ ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن.

قىرىغانسىرى كىشىلەرگە مېھرى ـ مۇھەببەتلىك بولىسەن. يېنىڭدىكى كىشىلەرنىڭ سەن ئۈچۈن قانچىلىك مۇھىم ئىكەنلىكىنى ۋە ئۇلارغا ۋاقتىڭنى بېرىشنىڭ دەل كىشىلەر ئېيتىپ يۈرگەن مۇھەببەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلىسەن. ئەنە شۇ چاغدا، قايسى بىر شائىرنىڭ «بىر ـ بىرىڭلارنى سۆيۈڭلار، بولمىسا نەسلىڭلار قۇرۇپ كېتىدۇ.» دېگەن سۆزىنى چۈشىنىسەن.

قىرىغانسىرى ھېچكىم سەندىن ياردەم سوراشنى خالىمىغان ئاشۇ ۋاقىتلاردا، ئاندىن باشقىلارغا ياردەم بېرەلىگەنلىكىڭنىڭ ئۆزىمۇ كاتتا بىر سوۋغات ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىسەن.

قىرىغانسىرى كۆپ نەرسىلەرنى بىلىسەن، بىلگەنسىرى كۆپ نەرسىلەردىن ۋاز كېچىشنى ئۆگىنىسەن. ئېرىششىڭلا كويىدا يۈرگەن جەمئىيەت بۇنى ساڭا ئۆگەتمەيدۇ.

كىشىلەرنىڭ قىرىشتىن قورقۇشى بولسا ئۇلارنىڭ ھاياتىنىڭ مەنىسىزلىكىدىن دېرەك بېرىدۇ، ياشاشنىڭ نېمە

ئىكەنلىكىنى بىلمەيدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ھاياتنىڭ مەنىسىنى تاپقانلار، ئارقىسىغا ئەمەس، ئالدىغا مېڭىشقا ئالدىرايدۇ. تېخىمۇ كۆپ نەرسىلەرنى كۆرگۈك كېلىدۇ. ياش ۋاقتىڭدىكى «ئۆتكۈر» كۆزلىرىڭ پەقەت سەن كۆرمەكچى بولغان دۇنيانىلا كۆرسىتىدۇ. خىرەلەشكەندە بولسا دۇنيا ئۆزىنى كۆرسىتىدۇ.

قارا ئەلى، «مەن قېرىدىم، كېرەكسىز بولدۇم، ھېچكىم ماڭا مۇھتاج ئەمەس دەپ، ئۆيلىرىگە سولىنىۋالغانلارغا ئېيت:

قۇلۇپ سېلىنغان ئۆي ئوغرىنى ئۆزىگە جەلپ قىلغىنىدەك، كېسەللىكمۇ ئۆزىنى قۇلۇپلىنىۋالغان شۇ كىشىلەرنى ئىزلەيدۇ.

ئاتا ـ ئانىلىرىمغا ۋاپادار بولدۇم، دەپ ئۇلارنى ئىشلەشكە رۇخسەت قىلماي، ئەمگەكتىن مەھرۇم قالدۇرغان پەرزەنتلەرگە ئېيت:

ئادەم بولسا جىسمىدا ئەمەس، روھتا قېرىيدۇ. كېرەكسىز بولدۇم، دەپ ئويلاش ئادەمنى كېرەكسىز قىلىۋېتىدۇ. ئەمگەك ئۈستىدە تۇيۇقسىز ئۆلۈش، دوختۇرخانىلاردا قىيلىنىپ جان تالىشىپ ئۆلگەندىن ئەۋزەل.

## تاغامنىڭ ئۆلۈمى

تىببىي ئۇنىۋېرسىتېت ئوقۇۋاتقان يىللىرىمنىڭ ئەڭ ئاخىرقى ئىمتىھاننى بېرىۋاتقان ۋاقتىمدا، ئاتۇشتىكى تاغام ئابلانىڭ مېڭىسىگە قان چۈشۈش سەۋەبلىك ۋاپات بولغان خەۋىرىنى ئاڭلىدىم. يېقىن ئادىمى ئۆلگەندە بولىدىغان ئۇنىۋېرسال ھېسسىيات مەندىمۇ بولدى.

مىچ ئالبومنىڭ «مورى بىلەن ئۆتكەن سەيشەنبىلەر» ناملىق كىتابىدا مۇنداق بىر بايان بار ئىدى:

جەنۇبىي ئامېرىكىنىڭ يامغۇرلۇق ئورمىنىدا ياشايدىغان دىسانا دەپ ئاتىلىدىغان بىر قەبىلە بولۇپ، ئۇلار ئالەمنى مۇقىم مىقدارلىق ئېنېرگىيە دەپ قارايدۇ. ئۇلارنىڭ كۆزقارىشى بويىچە ئېلىپ ئېيتقاندا، بىر ھاياتلىقنىڭ پەيدا بولۇشى بىر ئۆلۈمنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. ئوخشاشلا بىر ئۆلۈم بولسا يەنە بىر يېڭى ھاياتنىڭ تۇغۇلىشىدىن دېرەك بېرىدۇ. شۇنىڭدىلا ئالەم تەڭپۇڭلۇقنى ساقلاپ تۇرالايدۇ. ئۇلار يەنە، ئوزۇقلۇق ئۈچۈن ئوۋلانغان ھەربىر ھايۋان ئالەمدىن ئىبارەت ئېنېرگىيە مەيدانىدا بىر كاۋاك پەيدا قىلىدۇ، بۇ كاۋاك بولسا ئوۋچى ئۆلگەندە ئۇنىڭ روھى بىلەن تولدۇرۇلىدۇ، ئۆلۈم بولمىسا ھېچقانداق قۇش ياكى بېلىق تۇغۇلمايدۇ، بىز ھەممىمىز دۇنيادىكى مەۋجۇدات بولۇش سۈپىتىمىز بىلەن ئالغان ئىگەنىمىز بېرىشىمىز كېرەك، دەپ قارايدۇ.

تۇيۇقسىز تاغامنىڭ خـام خىشـلىق ئـۆيى ۋە ئۆيىنىـڭ يېنىدىكى مۆكۈشكە مۇۋاپىق كېلىدىغان قوي قوتىنى يادىمغـا كەلدى. بىر ئۆمۈر ياغاچچىلىق بىلەن شۇغۇللانغان تاغام ئابلا ماڭا بىرەر قېتىممۇ ھېيتلىـق بېرىـپ باقمىغـان. بۇنىڭـدىن ئازراق نارازى بولسـاممۇ، ئۇنىـڭ مەن ئۈچـۈن كېرەكسـىز ياغاچلاردىن ياساپ بەرگەن كۆپ شەكىللىك، پىرامىدا شەكىللىك ۋە چەمبەر شەكىللىك ياغاچ ئويۇنچۇقلىرى ئۈچۈن تەشەككۈر ئېيتىمەن. بۇ ياغاچ ئويۇنچۇقلار تولۇق ئوتتـۇرا مەكتەپـتە گېئومېتىرىيە دەرسـىنى چۈشىنىشـىمگە، كېيىنكـى ھاياتىمـدا مۇرەككەپ بولغـان ھېيتتـون[①] نەزىرىيەسـىنى چۈشىنىشـىمگە پايدىسى بولغانىدى. ئۇنىڭ كەسپىنكى شوئارى، خېرىدارنىڭ تەلىپى ئەقىلگە مۇۋاپىق بولمىغان تەقـدىردىمۇ قانـدۇرۇش، ئىدى. ئۇنىڭچە بولغاندا، خېرىدارنىڭ ھامان توغرا ئىدى.

ئۇزۇن ئۆتمەي يۇرتقا قايتتىم. ئۇدۇل تاغامنىڭ ئـۆيىگە كەلدىم. ئۆينىڭ ئىككـى تەرىپىـدىكى پىخسـىق دەرىـزىلەر كۆزۈمگە تېخىمۇ كىچىـك كۆرۈنـدى. ئۆيـدىن ئايـاللار ۋە بالىلارنىڭ تۆۋەن چاستوتىلىق يىغا ئاۋازى چىقىپ تـۇراتتى. ئېســمدە قېلىشـىچە، بـۇ يىغـا ئـاۋازلىرى ئاۋغۇسـتنىڭ توققۇزىنچى كۈنىگىچە داۋاملاشتى.

تاغامنىڭ شەخسىي ياتاق ئۆيىگە كىردىم. ئۆيىنى ئېنىـق تەسۋىرلەشكە قادىر ئەمەسمەن. چۈنكى ئوخشاش بىـر ئـۆي ئوخشىمىغان ئىككى ئـادەم ئۈچـۈن ئوخشـاش كۆرۈنمىشـى

① ھېيتتون نەزىرىيەسى ـ ھەرقانداق تۈز سىزىق غايەت زور چەمبەر ئۈستىدىكى ئەگرى سىزىق.

ناتـــايىن. قىرغـــاقتىكى ئـــادەم كـــۆرگەن پـــاراخوت بىـــلەن پاراخوتتىكى ماتروســـلار كـــۆرگەن پـــاراخوت ئوخشـــمايدۇ. ئۆيدىكى بىر تال ئورۇندۇق تاغامنىـــڭ بەدىنـــى، تىـــزى ۋە ئىغىرلىقىنـــى كۆرســـتىپ بەرســـە، كـــارىۋىتى ئۇنىـــڭ بەدەن ئاناتومىيەسىدىن دېرەك بېرەتتـــى. ئـــۇ ســـاقال ئالغانـــدا ۋە غەزەپلەنگەندە دائىم قارايدىغان تامدىكى ســـۇنۇق ئەيـــنەككە قاراپ، ئۇنىڭ ئەينى ۋاقىتتىكى دۇنياسىنى بىلىـــش خىيالىـــدا بولىۋاتقىنىمدا، ئۆيگە تاغامنىڭ ئايالى كىرىپ كەلدى.

ـ رەھمەتلىك ۋاپات بولۇشتىن بۇرۇن، بۇ خەتنى ســـىزگە بېرىشىمنى ئېيتقانىدى،ـ دېدى ئۇ قولۇمغا پوچتـــا ماركىســـى چاپلانمىغان، بىراق كونىۋىرتقا قاچىلانغان بىر پـــارچە خەتنـــى سۇنغان ھالدا.

كۆزلىرىدىن ئېرىگە چىدىماسلىقتىن بەكرەك كەلگۈســـىدىن قورقۇش چىقىپ تۇرۇۋاتقان بۇ مەزلۇم ئايالنىـــڭ يـــۈرىكىگە ئازراق تىنچلاندۇرۇش دورىسى بېرىش مېنىـــڭ مەجبـــۇرىيىتىم ئىدى. ئۇزۇن ئۆتمەي، ئۇنىڭ ئىككى قىزى ئىنىسىنى يېتىلەپ يېنىمىزغا كەلدى. ئۆزۈمگە ۋە ئۇلارغـــا تەســـەللىي بولـــۇش ئۈمىدى بىلەن تاغامنىڭ ماڭـــا قالـــدۇرغان خېتىنـــى ئۈنلـــۈك ئوقۇدۇم:

قارا ئەلى، كـــۆزلىرىم ئاخىرلىشـــاي دەپ قالـــدى. ســـېنى جىيەنىم دېگەنگە قارىغاندا دوستۇم دېيىشنى تېخىمۇ ياخشـــى كۆرىمەن. كىچىك ۋاقتىڭدا چۆچەكلەرگە ئامراق ئىدىڭ. ساڭا ئوقۇپ بەرگەن «ياغاچ ئاتنىڭ كۆز يېشى» دېـــگەن ھېكـــايە ھېلىمۇ يادىڭدىمۇ؟ ئۆلـــۈپ كەتكـــۈچە ســـەن بىـــلەن يـــۈز

كۆرىشەلەمدىم يوق، بۇ ماڭا نامەلۇم. كىچە-كۈندۈز مەن ئۇچۇن ئالىبۇرۇن ئەھمىيىتىنى يوقاتتى. ئاخىرى ساڭا بىر ھېكايىنى قالدۇرۇپ قويۇشنى توغرا تاپتىم. بۇنى پەقەت سەنلا چۈشىنەلەيسەن ۋە ئايالىم باللىرىمغا چۈشەندۈرەلەيسەن. بۇ ھېكايە بولسا بىر كىچىك دېڭىز دولقۇنىنىڭ ھېكايىسى.

بۇرۇن دېڭىزدا بىر كىچىك دولقۇن بولۇپ، ئۇ شۇنچە خۇشال ۋە مەغرۇر ھالدا سالقىن شاماللارنى ئوزۇق قىلىپ ئويناپ يۈرىدىكەن. تۇيۇقسىز بىر كۈنى، ئۇزىنىڭ ئالدىدىكى باشقا دېڭىز دولقۇنلىرىنىڭ بىر-بىرلەپ قىرغاققا سوقۇلۇپ غايىپ بولۇپ كېتىپ بارغانلىقىنى كۆرگەن بۇ كىچىك دولقۇن ئۆز تەقدىرىنىڭ ھامان ئۇلار بىلەن ئوخشاش بولىدىغانلىقىنى ئويلاپ، كۆڭلى غەش بوپتۇ. ئۇنىڭ تۇيۇقسىز قايغۇغا چۆمگەنلىكىنى كۆرگەن ئارقىسىدىكى يەنە بىر دولقۇن ئۇنىڭ نېمىگە بۇنچە غەم قىلىدىغانلىقىنى سوراپتۇ.

- سەن بىلمەيسەن، بىز ھازىر خۇشال ئويناپ يۈرگەن بىلەن ھامىنى ئاۋۇ قىرغاققا ئۇسۇپ غايىپ بولىدىكەنمىز. ئەجىبا، بۇ قورقۇنۇچلۇق ئەمەسمۇ؟ - دەپ جاۋاب بېرىپتۇ كىچىك دولقۇن.

- ياق، مەن ئەمەس، سەن چۈشەنمەپسەن، بىز ئەمەلىيەتتە دولقۇن ئەمەس بەلكى ئەزەلدىن ۋە بۇنىڭدىن كېيىن دېڭىزنىڭ بىر قىسمى ، دېڭىزنىڭ بىر قىسمى.....

مېنىڭ ساڭا دەيدىغانلىرىم مۇشۇ يەردە ئاخىرلىشىدۇ. ئۆلۈم ھاياتنى ئاخىرلاشتۇرالىغان بىلەن مۇناسىۋەتنى ئاخىرلاشتۇرالمايدۇ. بىز يەنىلا دوست. ھايات ۋاقتىمدا

سۆزلىرىمنى زەن سېلىپ ئاڭلىغىنىڭغا رەھمەت. مەن ئۆلگەندىن كېيىن، ئەمدى سەن سۆزلە، مەن ئاڭلاي.

# خاتىمە

ئەگەر بىر ئادەمنىڭ تەلىيى كەلسە، ئۇنى يۇفرات دەرياسىغا ئىتتىرىۋەتسەڭمۇ ئۇنچە ـ مەرۋايىت سۈزۈپ چىقىدۇ.
ـ بابىلۇن ماقال ـ تەمسىللىرى

تەلەيلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلىش ھەممە ئادەمدە بولىدىغان ئۇنىۋېرسال ھادىسە. تۆت مىڭ يىل ئىلگىرىلا بابىلۇن كىشىلىرى خۇددى ھازىرقى زامان كىشىلىرىگە ئوخشاشلا تەلەيلىك بولۇشنى ئارزۇ قىلغان ئىدى.

تەلەي راستىنلا بەزى كىشىلەرگە نىسىپ بولۇپ، بەزى كىشىلەرگە نىسىپ بولمامدۇ؟

30 يىلدىن كۆپرەك يول بويىدا تىلەمچىلىك قىلىپ كۈن ئۆتكۈزگەن بىر ئادەم بولغانىكەن. بىر كۈنى ئۇنىڭ ئالدىدىن بىر يولۇچى ئۆتۈپتۇ. تىلەمچى ئۇنىڭدىن پۇل تىلەش ئۈچۈن شىلەپىسىنى تەڭلەپتۇ.

يولۇچى:

ـ مەندە ساڭا بەرگۈدەك ھېچنەرسە يوق. بىراق شۇنى بىلگۈم كەلدى، سەن ئولتۇرىۋالغان ئاۋۇ نەرسە نېمە؟ ـ دەپ سوراپتۇ.

ـ بۇ بىر كىرەكسىز كونا ساندۇق. ئىسىمنى بىلگەندىن باشلاپ مەن بۇ ساندۇقتا ئولتۇرۇپ كېلىۋاتىمەن، ـ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ تىلەمچى.

ـ ئىچىگە قاراپ باقتىڭمۇ؟

ـ زۆرۈرىيىتى بارمۇ؟ بۇنىڭ ئىچىدە بەربىر ھېچنەرسە يوق.

ـ مېنىڭچە ئىككىمىز ئىچىگە قاراپ باقايلى، ـ دەپ چىڭ تۇرۇۋېلىپتۇ يولۇچى.

تىلەمچى ساندۇقنى ناھايىتى تەسلىكتە ئېچىپتۇ ۋە ئىچىدە لىق ئالتۇن بارلىقىنى كۆرۈپتۇ.

مەن نۇرغۇن كىشىلەرنى مۇشۇ تىلەمچىگە ئوخشىتىمەن. ئۇلار خوشاللىق، بەخت ۋە تەلەي قاچىلانغان ساندۇقنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇۋېلىپ، بۇ نەرسىلەرنى كىشىلەردىن تەلەپ قىلىدۇ.

ئىنسانلار يەرشارى دەپ ئاتىلىدىغان مۇئەللەقتە ئېسىلىپ تۇرغان بۇ جىسىمنىڭ ئۈستىگە ئولتۇراقلاشقاندىن تارتىپ، تەلەي ئىزچىل كىشىلەرگە ئىنتىلىپ تۇرماقتا. بىراق، بىز دەرىزىلىرىمىزنى تاقىۋالدۇق. قۇياش نۇرىنىڭ كىرىشىگە يول قويمىدۇق.

تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپتىكى گېئومېتىرىيە ئوقۇتقۇچىمىز بىزگە دائىم «چەمبەر ئۈستىدىكى بىر ـ بىرىگە ئەڭ يىراق ئىككى نۇقتا دەل بىر ـ بىرىگە ئەڭ يېقىن ئىككى نۇقتا» دەيتتى. نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ تەلەي مەندىن بەك يىراق

دېگەن سۆزلىرىنى ئاڭلايمەن. ئەمەلىيەتتە، ئۇلار ئىزچىل تەلەي ئىچىدە ياشايدۇ.

ئەگەر سىز كىتابىتىكى مۇشۇ قۇرلارنى ئوقۇۋاتقان بولسىڭىز، سىز ئاللىبۇرۇن تەلەيلىك ھېسابلىنىسىز. ئەگەر مەزكۇر ئەسەرنى ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن قەلبىڭىزدە زەررىچە يورۇقلۇق پەيدا بولغان بولسا، بۇ مەن ئەلى قۇربان ئۈچۈن زور بەخت ھېسابلىنىدۇ.

خەير! خوشلىشىدىغان ۋاقتىمىز كېلىپ قالدى. سىلەرنى سۆيىمەن!

2016-يىل، يانۋار، ئۈرۈمچى

## ئاپتور ۋە ئۇنىڭ ئائىلىسى



1. ئەلى قۇربانىنىڭ دادىسى ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسى
2. ئەلى قۇربان ۋە ئۇنىڭ سىڭلىسىنىڭ كىچىك ۋاقتى
3. ئەلى قۇربانىنىڭ ئاپىسى
4. ئەلى قۇربانىنىڭ بوۋاق ۋاقتى

بۇ كىتابنى مېنى ئۆز ئائىلىسىنىڭ بىر ئەزاسى دەپ قارايدىغان بارلىق قېرىنداشلىرىمغا بېغىشلايمەن.

— ئەلى قۇربان

# ABOUT THE AUTHOR

# AlI QURBAN



**ئەلی قۇربان** نۆۋەتتە ئالقىشقا ئېرىشىپ كېلىۋاتقان پىسخولوگ بولۇپلا قالماستىن، ئۆزىنىڭ پەلسەپە، ئەدەبىيات، ھېكايەتشۇناسلىق جەھەتتىكى بىلىملىرىنى ئەڭ ئاددىي ۋە يۇمۇرىستىك تىللار بىلەن ئىپادىلەشكە ماھىر بولغان زېرەك ناتىق ھېسابلىنىدۇ. نۆۋەتتە ئۇ رادىئو - تېلېۋىزىيە پروگراممىلىرىدا ئۆزىنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ كېلىشتىن سىرت، رايونىمىز ئىچى - سىرتىدىكى ھەرقايسى جايلاردا نەق مەيدان لېكسىيە سۆزلەش ئارقىلىق كىشىلەر قەلبىدە چوڭقۇر تەسىر قالدۇرۇپ كەلمەكتە.

ئۇ ئىلگىرى «مېنىڭ پىسخىكا مەسلىھەتچىم» ۋە «خەيرى - خوش چۈشكۈنلۈك» ناملىق بىر يۈرۈش **DVD** پلاستىنكىلىرىنى كۆرۈرمەنلەرگە سۇنغان. «مۇئەللىم كەلدى...» ناملىق بۇ ئەسەر ئۇنىڭ ئۈچىنچى ئەسىرى ھېسابلىنىدۇ.